


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION

1
1995

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇقامچىلار «كىچىك ئامانىسا» ھەيكىلى ئالدىدا مۇقام ئوقۇماقتا        ئۈتكۈر نىجات فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
43 - يىل نەشرى 1995 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 212 - سان)

# بۇ سانىدا

## مۇھاكىمە

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە پىسخىك ئانالىز...... ئەھمەتجان ئەھەت 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تورغاي . . . . . . . . . . . (ھېكايە) ...................... ئەختەم ئۆمەر 12

## تەڭرىتاغ ئېكرانى

كومىراجىۋا . . . . . . . . . (تارىخىي فىلىم) ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 15

## ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

قەدىمكى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ قىسقىچە تارىخىي ئۆچۈرى .............. ئەمەتجان ئەھمىدى 41

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

ئۈچۈرلار ............ خۇدا بەردى ئابدۇللا، ۋەن يوڭ، شىيې يۇگۈي، مەرەمنىسا خىزىر 56

## سەھنە ئەسەرلىرى

سەن نەلىك . . . . . . . . . . . (ئېپىزوت) ............ ئابلىكىم ئابدۇكېرىم 57
قۇرۇپ كەتسۇن يۇرتۋازلىق . . . . (تەنقىدىي ئېيتىشىش) ........... مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 59

## ئەينەك

ھېزدىكى ئىللەتلەر ........................ نىزامىددىن ھۈسەيىن 60

مۇقاۋىدا: مەكىت ناھىيە غاز كۆل يېزا مەدەنىيەت مەركىزىگە تۇرغۇزۇلغان «كىچىك ئامانىسا» ھەيكىلى. ھەيكەلنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت ياســـغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز، ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت

# يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە پىسخىك ئانالىز





**ئەھمەتجان ئەھەت**

رىقابەت ئېگىنى قوبۇل قىلغانلار تەرەققىي قىلالايدۇ، رىقابەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلار كەينىگە چېكىنىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېيتىپ كېلىۋاتقان، مەڭگۈلۈك ھېكمەتكە ئىگە ھېكايىسى. ئەنگلىيە تارىخشۇناسى ئارنولد توينبى بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزىنىڭ رىقابەت ۋە رىقابەتنى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى مەشھۇر نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ ھەققە توختىلىپ: «مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، رىقابەت بىلەن رىقابەتنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ئۆتۈشەلەيدىغان ئامىل، باشقا ھەر قانداق ئامىللارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئامىلدۇر» ① دەپ كۆرسىتىدۇ. مەيلى مەدەنىيەت (سىۋىلىزاتسىيە) نىڭ كېلىپ چىقىشى ياكى يېڭىلىنىشى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى رىقابەت بىلەن رىقابەتنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا رول ئوينايدىغان ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە، بىز ھازىرقى زاماننىڭ ئىلغار

## مۇھاكىمە

مەدەنىيىتىگە يۈزلىنىپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر دەۋرگە قارىغاندا تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ تەھدىتى ئېغىر بولغان رىقابەتنى كۈتۈۋالدۇق. قانداق قىلىپ بېكىنمە ۋە يېتىم ھالەتتىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاش؛ دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، مىللىتىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى قايتا تونۇش شۇنداقلا يېڭىباشتىن باھا بېرىش؛ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، مىللىي روھىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى قايتا قۇرۇش . . . تەك بىر قاتار مەسىلىلەر ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە تېگىشلىك مۇھىم تېمىغا ئايلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. مەزكۇر ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى رىقابىتىگە يۈزلىنىش جەريانىدا ئاشكارىلىغان ئالاھىدە مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قانداق توسالغۇلارنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**بىرىنچى، «يىلتىز ئىزدەش» قىزغىنلىقىغا يوشۇرۇنغان پاسسىپ پسىخىكا. ھەر بىر مىللەتنىڭ شانۇ - شاۋكەتلىك ئەجدادىنىڭ بار - يوقلۇقى ئانچە مۇھىم ئەمەس؛ ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەتنى بېيىتىپ راۋاجلاندۇرالماسلىقنىڭ ئۆزى بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي بەختسىزلىكىدۇر.**

نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىغا بولغان قىزغىنلىقى، «يىلتىز ئىزدەش» تىن ئىبارەت بۇ پەۋقۇلئاددە نۇقتىدا ئىپادىلەنمەكتە. بولۇپمۇ پارلاق ئېمىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ھونلار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى شۇنداقلا شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت، خالاس. ناۋادا بۇ خىل بەس - مۇنازىرىلەر ئىلمىي مۇھاكىمە سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسا ئىدى، بۇنى ئارتۇقچە ئەيىبلەش ھاجەتسىز ئىدى. بىراق بىز بۇ «قىزغىن نۇقتا» غا ئازراقلا مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، مەستانىلارچە قىزغىنلىقنىڭ ئارقىسىغا مۇنداق بىر روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز: بىر قۇدرەتلىك ئەجداد تېپىۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازى بىردىنلا ئاجايىپ يۈكسەكلىشىپ كېتەرمىش؛ ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، بۇ زېمىنغا بولغان بىر خىل ئالاھىدە ئىمتىيازغا ۋە ئەۋزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ قالارمىش . . . گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ - روھىي يۆلەنچۈك ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ، مىللىتىمىزنىڭ بىر خىل زەئىپ، رىقابەتتىن قورقىدىغان روھىي ھالىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، خالاس. ھە دېسىلا، بۇ ھەقتە تولا تالاش - تارتىش قىلىپ، ھونلار ۋە تۈركلەردەك بۇنداق قۇدرەتلىك ئەجداد ئىزدىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ ناھايىتى ئۇلۇغ؛ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى قىلىپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق، چۈنكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ زېمىندا ياشىغان ھەمدە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان تارىم بوستانلىق مەدەنىيىتى ياراتقان. بىر مىللەتنىڭ شانۇ - شەۋكەتلىك ئەجدادىنىڭ بار - يوقلۇقى ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەتنى بېيىتىپ راۋاجلاندۇرالماسلىقنىڭ ئۆزى بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي بەختسىزلىكىدۇر. دەرۋەقە، ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ بولدى. يەنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئىككى، بىرى، جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئۇيغۇر ( 回纥 ) لار، يەنە بىرى مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇر ( 回鹘 ) لار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك مىللەتلەردۇر». شۇڭلاشقا، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ بىرى موڭغۇل يايلاقلىرى بولسا، يەنە بىرى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدۇر» ② دېيىشكە بولىدۇ. تارىخ تەتقىقاتى بىر خىل ئىلىم، ئۇ خالىغانچە بۇرمىلاشلارغا ئورۇن بەرمەيدۇ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرى تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە قايتىدۇ. مەلۇم سىياسىي مەقسەتنى ئۆزىگە يۈكلىگەن، تارىخقا چاقچاق قىلىدىغان ھەر قانداق ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىغانلىقتۇر. زېمىن - ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماكان، شۇنداقلا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان سەھنە. بۇ سەھنىدە ئاساسلىق رول ئوينىيالىغان ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ماھارەت

كۆرسىتەلىگەن ئادەملا ئاندىن بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولالايدۇ. رابىيە قادىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭدەك كىشىلىرىمىز ھەقىقەتەن تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلار باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر كارخانىچىلىرى بىلەن بىرلىكتە جان تىكىپ مۇشۇ زېمىن ئۈچۈن تۆھپە يارىتىۋاتىدۇ. ناھايىتى ئەپسۇس، بىزدە بۇنداق كارخانىچىلار تولىمۇ ئاز. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ سەھنە تولۇق ئېچىۋېتىلىشى كېرەك. يەنە كېلىپ باشقا مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ بۇ يەردە كۆكلەپ ياشنىشىنى ۋە ئېچىلىپ سايرىشىنى قارشى ئېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش جەريانىدا، ئورتاق گۈللىنىشكە ھەمدە ئالغا بېسىشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مانا بۇ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ جانلىق كارتىنىسى. ناۋادا بىز بۇ نۇقتىنى يەنە ھېس قىلالمىساق، ئۇ چاغدا ئىندىئانلارنىڭ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى پاجىئەسى بۇ زېمىندا قايتا تەكرارلانمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

## ئىككىنچى، بالىلارچە قىزغىنلىق ۋە قېرىلارچە ئېھتىياتچانلىق.

جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى ئىلمىي نەزەرىيە ئەمەس، بىراق جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ بىر مىللەت پىسخىكىسىنىڭ يېتىلىشىدىكى ئالاھىدە تەسىرىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئۆتمۈشتە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئوخشاش تەبىئىي شارائىت ۋە ئوخشاش ھاياتلىق مۇھىتىدا بالىلارچە قىزغىنلىق بىلەن سىرتنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوتتەك تەلپۈنگەن، بۇ مەدەنىيەتلەرنى ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلغان ۋە شانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقانىدى. ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىز بۇ بىر ئەۋلاد يەنە ئاشۇ ئوخشاش چۆل ـ جەزىرە، بوستانلىقتا نېمىشقىدۇر قېرىلارچە ئېھتىياتچانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك قايىنىمىغا پېتىپ قالدۇق.

ئاسىيا كىندىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان بىپايان قۇرغاق تەكلىماكان چۆللۈكى پەقەت ئۆزىنىڭ شىمالىنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى ھەمدە تەڭرىتېغى، قارا قۇرۇم تاغلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان قار ـ مۇز سۇلىرى ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىنى سۇغۇرىدۇ. ئەنە شۇ سانسىز جىلغىلارغا توپلانغان ئېقىن سۇلارنىڭ قويۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار چۆللۈككە يېقىنلاشقان ھامان قۇرغاق چۆللۈك تەرىپىدىن يۇتۇپ كېتىلىدۇ. بۇنداق «قۇيرۇقسىز ئېقىنلار» تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىدا چوڭ ـ كىچىك بوستانلىقلارنى شەكىللەندۇرگەن. مانا بۇ بوستانلىقلار دەل ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ياشاپ كېلىۋاتقان تەبىئىي مۇھىتتۇر. مونتېسكيۇ «سوغۇق ئىقلىم، سوغۇق بەلباغدىكى مىللەتلەرنى ياشلاردەك جەسۇرلاشتۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن ئاداققىچە كۆرەش قىلىش چىداملىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇلارنى ئۆز ئەركىنلىكىنى ساقلىيالايدىغان قىلىدۇ. ئىسسىق ئىقلىم، ئىسسىق بەلباغ مىللەتلىرىنى قېرىلارچە ئېھتىياتچانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك يولىغا باشلايدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ قۇللاردىن قىلچە پەرقى بولمايدۇ» ③ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىسسىق ئىقلىم ئىسسىق بەلباغ مىللەتلىرىنى يەنە بالىلارغا خاس كۈچلۈك قىزغىنلىق بىلەن ئاسان قانائەتلەنمەيدىغان ئىنتىلىشچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. جۇغراپىيىلىك مۇھىت مىللەت پىسخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىماسلىقىمۇ مۇمكىن، بىراق ئۇ مىللەت پىسخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بىر خىل رېتىمدىكى زېرىكىشلىك تەبىئىي مۇھىت قەدىمكى مىسىر ئالىملىرىنى نىل دەرياسىنىڭ دەۋرىيلىك كۆتۈرۈلۈش، پەسىيىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىغان قىلىۋەتكەن. بىراق، ھاياتلىقى «دېگىز پرىنسىپلىرى» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، كۆپ خىل تەبىئەت قارىشىنى قوبۇل قىلغان ۋە يېتىلدۇرگەن يۇنانلىقلار بۇ ھەقتە بەش خىل قىياسنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يىراق قەدىمكى دەۋردىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ ياشاش شارائىتلىرى ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، بۇنداق قويۇق ئىسسىق بەلباغ تۇرمۇشى ئۇلارغا بىكار تەلەپلىك پىسخىكىسىنى ئاتا قىلغان، بىراق، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان دەھشەتلىك گۈلدۈرماما، قاتتىق يامغۇر ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاق

قىلىنىۋەتكەن. بۇ ئىككى ئامىل قوشۇلۇپ، ئۇلارنى تۇرلۇك سىرلىق مەۋجۇداتلارغا نىسبەتەن گويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان تەگسىز خىياللارغا غەرق قىلىۋەتكەن. نەتىجىدە، دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت مىتافىزىكىلىق مەسىلىلەردە ھىندىستانلىقلاردەك ئىنچىكە، ئەتراپلىــــق تەپەككۇر قىــــلالمايدىغان بولۇپ قالغان. تەكلىماكاننىڭ بىر خىلدا سارغىيىپ مۇڭلىنىپ تۇرۇشى، پايانسىز دەشت - باياۋانلىق، دىمىق تىمتاسلىق، زېرىكىشلىك، شامال چىققاندا تۇرزۇم - تۇرزۇم قۇم بارخانلىرىنىڭ خۇددى ئىلاھ قولىدىكى زاكون تايىقىنىڭ بىشارىتى بىلەن غايىبتىن كەلگەندەك پەيدا بولۇپ قېلىشى قاتارلىق كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى كىشىلەرنى ئىختىياسىز ھالدا ۋەھىمىگە سالىدۇ - دە، بىزنى قېرىلارچە ئېھتىياتچان قىلىپ قويىدۇ. بىراق، چەكسىز دەشت - باياۋاندا جۇشقۇن گىرىمسەن بوستانلىقلار بار، قويۇق دەل - دەرەخلەر، سۈزۈك، شوخ سۇلار ۋە ساپ ھاۋا كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ھاياتلىق ۋە كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ - تاشقان كۈچلۈك ئىنتىلىش ۋە ھەيرانلىق بىزدىكى باللارچە كۈچلۈك قىزغىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ. باللارچە قىزغىنلىق بىلەن قېرىلارچە ئېھتىياتچانلىق مىللىتىمىز پسىخىكىسىنىڭ ئىككى قۇتۇپىنى تەشكىل قىلىدىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، باللارچە قىزغىنلىق ئەجدادلىرىمىزغا تەئەللۇق، قېرىلارچە ئىنتائەتمەنلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىز بۇ بىر ئەۋلادنىڭ روھىيىتىمىزگە تەئەللۇقتۇر.

ئەجدادلىرىمىز، قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پۈتكۈل خاسىيىتــى مۇجەسسەملەشكەن كۈچلۈك مەدەنىيەت رادىئاتسىيىسىنى، قەدىمكى يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ خەلقئارا ئىقتىساد، مەدەنـىـيەت ئايلىنىشىدەك رايون ئەۋزەللىكى ۋە تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەممىگە تەڭ نەزەر تاشلايدىغان كەڭ قورساقلىق پسىخىكىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان، پارس - ئەرەب مەدەنىيەتلىرى بىلەن قەدىمكى يۇنان - رىم مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە مەدەنىيىتى - ئارىلاشما مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى. ئەجدادلىرىمىز چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە ئەلۋەتتە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى يېڭىلاش، قايتا ئىجاد قىلىش ئاساسىدا ئۆگەنگەنىدى.

خۇددى ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسى گرۇسسارت ئېيتقاندەك «ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسى چەت ئەللەرگە تەقلىد قىلىنغان نوقۇل مەدەنىيەت سىستېمىسى بولماستىن، بەلكى شۇ زېمىندا يارىتىلغان يېڭىچە مەدەنىيەت سىستېمىسى ئىدى»④. دەل مۇشۇ سەۋەبلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆزىدىكى باللارچە كۈچلۈك قىزغىنلىق ۋە ئىنتىلىشچانلىقى بىلەن دۇنيادىكى تۈرلۈك مەدەنـىـيەت جەۋھەرلــىــرىــنــى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تەك ئالەمشۇمۇل، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى، كۆسەن سەنئىتىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ۋە «ئون ئىككى مۇقام» دەك پارلاق مۇزىكا دەستۇرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

مىللىتىمىز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەر ھەمدە كۆپ قېتىملىق مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۆزىمىزدە تاشقى دۇنيادىن كەلگەن ھەر قانداق غىدىقلىنىشلارغا قارىتا تەبىئىي رېئاكسىيىلىك ئىنكاس قايتۇرىدىغان، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، كۈچلۈك قوغدىنىش پسىخىكىسى ۋە ئۆزۈمچىلىك خاھىشىنى شەكىللەندۈرۈۋالدۇق. بۈگۈنكى تېخىمۇ كېڭىيىشچانلىققا ۋە بويسۇندۇرۇش كۈچىگە باي ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك، جەلبكار سېھرىي كۈچى ئالدىدىمۇ بىز بۇ بىر ئەۋلاد يەنە زەيپانىلەرچە ئېھتىياتچان بولۇپ قالدۇق. بىز مەيلى قانچىلىك تەكەللۇپ قىلمايلى، بۇ بىر مەيدان يېڭى زەربىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئالدىمىزدىكى «قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان» رېئاللىققا ئايلىنىپ قالدى. مانا مۇشۇنداق، قىلچە روھىي تەييارلىقسىز ئەھۋالدا، تولۇق قوغدىنىش پوزىتسىيىمىز بىلەن، ئېغىردۇ بۇلغا - ساۋۇتلارغا ئورىنىپ، قىلچە ئۆلتۈرۈش - يارىلاندۇرۇش كۈچى بولمىغان «روھىي غالىبىيەتچىلىك» قالقىنىنى كۆتۈرۈپ، جەڭگە كىرىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەجدادنىڭ شان - شەۋكىتىنى سۆرۈشتۈرۈشكە تايىنىپ تىكلەنگەن مىللىي «ئىشەنچ» ۋە «پەخىرلىنىش» ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. تارىخىمىزنىڭ قانچىلىك شانلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ رېڭى ئۆچكەن ئىزلاردىنلا ئىبارەت، خالاس. مىللىتىمىز ئۆتمۈشتە قانچىلىك گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىزنىڭ ھازىرقى نامرات، قالاق رېئاللىقىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۆتمۈشنى

www.uyghurbulitap.com

ئەسلەشكە خۇشتارلىق قېرىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۆتمۈشكە سىغىنىش مىللىتىمىزنىڭ روھىي جەھەتتە تېخىمۇ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس. بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئاQ چە تەسەللىچىلىك پسىخىكىسى بىلەن ئەجدادلارنىڭ شان - شەۋكىتىدىن مۇزۇرلىنىش بىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتنىشىش، مىللىي مەدەنىيەتنى يېڭىلاشتەك تارىخىي پوزىتسىيىمىزنى گۆرگە ئۆزىتىدۇ، مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ.

**ئۈچىنچى، ناركىس (Narcissus) ئەپسانىسى ۋە ئۆزۈمچىلىك پسىخىكىسى. مەجرۇھ كېسەلچان ۋۇجۇد سۆيۈشكە ئەرزىمەيدۇ. بىز ئەجدادلارنىڭ شان - شۆھرىتىدىن مۇزۇرلىنىمىزيۇ،O شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى ۋە بۇ كەشپىياتلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىلگىرىلەش روھىدىن ۋاز كېچىمىز. مەن كوچادا كۆسەن سەنئىتىنى ياراتقۇچىلار ئەۋلادلىرىنىڭ دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا بۇ سەنئەت خەزىنىسىنى قۇچاقلاپ، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.**

قەدىمكى يۇنان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار. ناركىس يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئاجايىپ چىرايلىق بالا بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ بالىنىڭ ئۆز ھۆسن - جامالىغا تولىمۇ مەپتۇن بولىدىغانلىقى، ھەتتا بىر قېتىم بۇلاقتىكى ئۆز سايىسىنى پەرىزات دەپ خاتا تونۇپ قېلىپ، سۇغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى، ئاقىۋەتتە بۇ بالىنىڭ ئاشۇ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. پەرىزاتلار ناركىسنى دەپنە قىلىشقا كەلگەندە، سۇدا پەقەت بىر تال نەرگىس گۈلىدىن باشقا ھېچنەرسىنى تاپالمايدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن نەرگىس گۈلى ناركىسنىڭ ھەم ھەددىدىن زىيادە ماختانچاق كىشىلەر ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان كىشىلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. يۇنان ئەپسانىلىرى دەۋرى گەرچە ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ناركىسنىڭ ئەرۋاھى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز چىرىتماقتا. ناۋادا بىزمۇ ناركىستەك مەجنۇنلارچە ئۆز - ئۆزىمىزنى سۆيەلىگەن ھەم نەرگىس گۈلىدەك كېيىنكىلەرنى ئۆزىمىزگە مەپتۇن قىلالىغان بولساقمىغۇ، بۇ بىزنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىمىز بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەگەر بىز ناركىستەك بولالمايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئۆزىمىزنىڭ مەجرۇھ تېنىمىزنى يوندا ئازگىلىغا ئىتتىرگەن بولىمىز. 1991 - يىلى مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ 30 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى كۆسەن مىڭئۆيىدىن ئىبارەت سەنئەت خەزىنىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلاپ بارغانىدىم. ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا ئايرىم ئوقۇغۇچىلار چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، خاتىرە قالدۇرغاندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم بالىلار ئالدىراش رەسىمگە چۈشۈۋاتاتتى، مەن ئۇلارنىڭ نېمىشقا مىڭئۆيگە كىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، قايسىدۇر بىرىنىڭ: «مۇئەللىم، كۆرگۈچىلىكى يوقكەن، ھەممىسى كاپىرلارنىڭ نەرسىلىرىكەن» دەپ جاۋاب بېرىشى مېنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى. توغرا، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاللامىللىتىمىزنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن «كاپىر» ئىدۇق. كۈلكىلىك يېرىمىز شۇكى، يىلتىزىمىزنى ئىزدىگىنىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ھونلار، تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى ھەمدە شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىر ئامالىلار قىلىپ ئىسپاتلايمىزۇ، بىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسلىرى مەسىلىسىدە ئۆرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايمىز. ئەجەبا، بىزنىڭ مىللىتىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانمۇ؟ ئەجەبا، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئاتا - بوۋىلار بىرگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلاردىن ۋاز كېچىش كېرەكمىكەن؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم چىندە بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار» دېگەن ئەمەسمىدى. بىزنىڭ شۇنداق دېيىشكە ھەققىمىز باركى، بۇددىزم دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تارىخىمىزنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈۋېتىدىغان بولساق، بۇ مەجرۇھ تېنىمىزنى يەنە قانداقسىگە نەرگىس گۈلىگە ئايلاندۇرغىلى بولسۇن؟ كەلگۈسىدە ئەۋلادلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ كوچانىڭ قايناق «بازار» لىرىغا كىرگىنىمدە، مىللىي ئەنئەنىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەزى پارچە - پۇرات قول سانائەت بۇيۇملىرى، ساندۇقلار ۋە بىر مۇنچە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى چېلىقتۇرغىنىمدىن باشقا، قالغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېرىپ كېلىنگەن ئەسكى - تۈسكى پايپاق، ئاياغلار ۋە ئۆي جاھازلىرى ئىدى. كۆسەن مىڭئۆيلىرىگە كەلگىنىمدەخۇددى كولۇمبۇنىڭ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپقىنىدەك، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان سەنئەت جەۋھەرلىرىنى ئويلاپ پەخىرلىنىش خىياللارغا

فەرق بولغانىدىم. بازار ئارىلىغىنىمدا بولسا، بۈگۈنكى كوچالىقلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «يىغىۋېلىش روھى» غا «تولۇق ۋارىسلىق» قىلغانلىقى ۋە بۇ روھنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. بىراق، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئۆتمۈشتە ھاياتلىققا ئىنتىلىش روھىنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە، دۇنيانىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ئىچىگە يۇغۇرۇۋەتكەن، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت جەۋھىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆسەن سەنئىتىنى بەرپا قىلىپ، قەدىمكى كۆسەننى «ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ مۇزېيى» غا ئايلاندۇرغانىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بەزىلەر يەنە ئاشۇ ئۇششاق يېزا ئىگىلىكى ئاساسىدىكى كونا ئورما ناخشىلىرىغا مەپتۇن بولۇپ، خۇددى جان بېقىش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، باشقىلار ئاللىقاچان تاشلىۋەتكەن ئەڭ ئەرزان ۋە ئەڭ كونا نەرسىلەرنى يىغىۋېلىپ بۇ خاسىيەتلىك زېمىننى «ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىۋالىدىغان مۇزېي» غا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. بۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلىدىغان تەڭسىزلىك ئەمەسمۇ. ئۇنداقتا، ئەجدادلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قانداق قىلغاندا توغرا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغان بولىمىز؟ بۇ ھەرگىز ئەجدادلارنىڭ شان - شۆھرىتىنى كۆز - كۆز قىلىش ئەمەس ھەم بۈگۈنكى ئېتىقاد سىستېمىسى ئارقىلىق ئۆتمۈش تارىخىمىزنى تونۇش ۋە باھا بېرىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى «ئۇيغۇر تارىم مەدەنىيىتى» نى ياراتقۇچىلاردىكى كەڭ قورساقلىق ۋە شۇ دەۋر كىشىلىرىدىكى ساپ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى بىلەن ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتۇر. تارىخ ئاللىقاچان مۇنداق ئاچچىق بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغانىدى، بۇندىن كېيىنمۇ ئىسپاتلايدۇ. ياشاش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك پاسسىپ پىسخىكا كىشىنى مۇقەررەر يوسۇندا ئېغىر كىرىزىسقا ھەتتا مىللەتنىڭ زاۋاللىقىغا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بېكىنمىچىلىك، قالاقلىققا قاراپ مېڭىشتەك يېقىنقى زامان تارىخى ئەنە شۇنداق كىشىنى ئازابلايدىغان تراگېدىيىدۇر.

**تۆتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سودا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىكلىكى. كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سودىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاددىي ھالدىكى ئېلىپ - سېتىش تىجارىتىدۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ زامانىۋى ئاڭغا ئىگە تاۋار ئىگىلىكى ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان تاۋار ئىگىلىكى ئۇقۇمى ھازىرلانمىغان.**

دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار ئۇزاق سودا ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار تاۋار ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا - ئاسىيا سودا يولى گۈللەنگەن دەۋردە ئۇيغۇرلار سودىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق، خەلقئارا سودا ساھەسىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەنىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق سودىنى تۇتاشتۇرۇشتا ۋاستىچىلىك رولىنى ئويناپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى شۇ چاغدىكى تىجارەت پائالىيىتىدە پۇل ئوبوروتىنى ئاللىقاچان باشلىۋەتكەنىدى. بۇ شەكسىزكى، ئۇيغۇر ئىقتىساد تەرەققىيات تارىخىدىكى چوڭ ئىلگىرىلەش ئىدى. كۆپ مىقداردىكى مېتال قۇيما پۇللارنىڭ بايقىلىشىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق، پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى سودا - سېتىق پائالىيىتىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مېتال پۇللارنىڭ دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا تارقىلىشى بىزگە، ئۇيغۇر سودا كارۋانلىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئۇزاق - ئۇزاقلاردىكى رېيىن دەريا ۋادىلىرى، نىل دەريا بويلىرىدا گويا قۇم دانچىلىرىدەك توختاۋسىز ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئۆز ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خۇددى ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسى گرۇسسارتىنىڭ ئېيتقىنىدەك «ئۆتمۈشتە جۇڭگو (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولىدىغان سودىنى خېلى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەش سۇلالە دەۋرىگە كەلگەندە ئىشلار بۇنداق بولماي قالدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگو بازارلىرىدا پەيدا بولۇشى جۇڭگوغا ئېغىر ئىقتىسادىي ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى جۇڭگوغا قاتنايدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ كۆلىمى كۈنسايىن كېڭىيىپ كېتەتتى» ⑤. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى لياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن بولىدىغان ھۆكۈمەت سودىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، لياۋ، سۇڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئۇيغۇر بار گاھى تەسىس قىلىشقا مەجبۇر قىلدى ھەمدە شەھەر سودا مەھكىمىسىنى بىكار قىلىۋەتتى. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق

www.uyghurkitap.com

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەزەلدىن تاۋار ئالماشتۇرۇشقا تايىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققەتەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلقئارالىق سودا ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان رول ئوينىغانىدى. ئوبوروتتا ھەر قانداق بىر ھالقا توسالغۇغا ئۇچرايدىكەن، ئۇ ھالدا پۈتكۈل ئوبوروت تورى يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. 14 -، 15 - ئەسىرلەردىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى قالايمىقان سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ناچار قاتناش شارائىتلىرى تىجارەت پائالىيىتىنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى. بولۇپمۇ 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، ياۋروپالىقلار ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا سودىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىز سودىسىغا تارتقۇزۇپ قويدى. شۇ سەۋەبلىك، ئاسىيا قىتئەسىدىكى ھەيۋەتلىك تاغ - چوققىلار ۋە چۆل - جەزىرىلەر بىلەن قورشالغان بۇ كىندىك غەربلىك ئەڭ ئاخىرقى بىر مېھمان ماركوپولونى كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى كومپاسلىق ئورنىنى ئۆزگەرتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ «تەنھا ئارال» دا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت پائالىيىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىچكى بازارلار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، كەڭ دۇنيا بازارلىرى بىلەن قايتا ئالاقە باغلىشى تەسلىشىپ كەتتى.

جۇڭگودىكى ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى سودا - تىجارەت ئەنئەنىسىگە قايتا ۋارىسلىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. قىسقىغىنە ئون نەچچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي سودىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتۇشلۇقلارنى ئەڭ ياخشى تىجارەت قىلغان سودىگەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئاتۇشتا تاغ كۆپ، يەر ئاز، ئۈنۈمسىز بولغاچقا، تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن چوڭ دەريا، ئېقىنۋادىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، ئېلىنغان ئاشلىق خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشقا ئەسلايەتمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق رىقابەت ۋە كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن ئاتۇشلۇقلار ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ، قوشنا رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقتا دۇچ كەلگەن كىرىزىسنى ھەل قىلــــشقا مەجبۇر بولغان. ھەتتا «كاپىتالىزمنىڭ قويرۇقى كېسىلىۋاتقان» ئاشۇ يىللاردىمۇ ئۇلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تىجارەت قىلغان. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئاتۇشلۇقلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتماقتا؛ ھاياتلىققا ئىنتىلىش روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ھېلىقىدەك جان بېقىش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك پاسسىپ پىسخىك روھ ئوتتۇرىسىدا روشەن سېلىشتۇرمىنى شەكىللەندۈرمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، قەشقەردىكى ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ ھېسابلانغان «بازارلار» مەيلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، پاكىستان، شياڭگاڭ، ياپونىيىنىڭ ماللىرىنى كۆز - كۆز قىلمىسۇن، «كاۋاپ مەدەنىيىتى» ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگەن بولمىسۇن، ئاتۇشلۇقلارنىڭ نامى سودا ۋە پۇل بىلەن باغلانغان بولمىسۇن، بىز، ئاتۇشلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سودا - تىجارىتىنىڭ يەنىلا ئىنتايىن قەدىمىيلىكىنى، كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زامانىۋى ئالدىكى تاۋار ئىگىلىكى ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز زۆرۈر. بۇنداق كونىچە تاۋار سودىسى بىلەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر - بىرىدىن ئۆز ئارا ئاجرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ پەقەت ئوبوروت ساھەسىدىلا ئاندىن جانلىنالايدۇ. ھەمدە ئۇلار ئېرىشكەن پايدىمۇ پەقەت قايتا سودا كاپىتالىغا ئايلىنالايدۇكى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ خىل سودا ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىمىزنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ۋە 3 - كەسپى تېخى ياخشى تەرەققىي قىلمىغاچقا، كەڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان سورۇنغا ئىگە بولغان. شۇڭلاشقا، ناۋادا تاۋار ئىگىلىكى بىردىنلا جانلىنىپ كېتىدىغان بولسا، بۇنداق كونىچە سودىنىڭ ئىستىقبالى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئىلغار سودىگەر مىللەت ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بىزدە تېخى تاۋار ئىگىلىكى ئۇقۇمى ھازىرلانمىغان. ئەنئەنىۋى سودا پائالىيىتىمىزمۇ ئاددىي ھالدىكى ئېلىپ - سېتىش ئىگىلىكىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك بازارلىرىدا بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز، چوڭراقى كالا، قوي ، ئات، ئېشەك، ئاشلىق - ياغ، رەخت، لاتا - پەتە سودىسى، ئۇششاقلىرى ئۆرۈك، ياڭاق، بىر تۇتام بادام، بىر چاڭگال ئۈجمىدىن ئىبارەت. بۇنداق بازارلاردا سېتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ مىقدارى، ئۆلچىمى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ئەركىن ئېلىپ - ساتالايسىز. ھەر جۈمە كۈنى ئەتراپتىكى يېزا ئاھالىلىرى ئائىلە بويىچە ئېشەك ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بازارغا توپلىشىدۇ، بەزى كىشىلەر بىر - ئىككى تال ياغاچ

قوشۇق، تاۋاقنى ياكى بولمىسا بىر نەچچە تال ئانارنى خالىغانچە سېتىپ، بۇ پۇلغا ئەمدىلا سويۇۋېلىنغان ئىسسىق سامسا سېتىۋالىدۇ ياكى بۇ نەرسىلەرنى بىۋاستە سامسىغا ئالماشتۇرىدۇ. ۋە ياكى بۇ ئازغىنە پۇلغا كۈندىلىك بۇيۇملارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، غۇژمەكلىشىپ بىخارامان ئولتۇرۇپ قۇرۇق پاراڭ سالىدۇ. بۇ، دېھقانلىرىمىزنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ناھايىتى ئاجىزلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېزىلارنىڭ نەق پۇل كىرىمى ئىنتايىن چەكلىك بولغاچقا، بازارلاردا قوللىنىلىدىغان ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرىمۇ شۇنچە ئاددىي ۋە شۇنچىلىك ئىپتىدائىي بولىدۇ. نەرسە - كېرەكلەر پۇلغا ئالماشتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش رىقابىتىدە قاتاردىن چۈشۈپ قالىدۇ. بىراق شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، مىللىتىمىزنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن سودا ئەنئەنىسى، پۈتكۈل مىللەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە تاۋار ئىگىلىكى ئۇقۇمىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مىللىي سودا ئىگىلىكىمىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ.

**بەشىنچى، كۈچلۈك يۇرتۋازلىق، قۇمدەك چېچىلاڭغۇلۇق، روھىي پارچىلىنىشتىن ئىبارەت ئاجايىپ غەلىتە زىددىيەتلەر جۇغلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان رايونلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىزدە بىر - بىرىمىزنى قۇمۇللۇق، تۇرپانلىق، قەشقەرلىق، خوتەنلىك، غۇلجىلىق دەپ ئايرىمىچىلىق قىلىپ، بىر - بىرىمىزنى ئاچچىق گەپلەر بىلەن چېقىۋالىدىغان، مازاق قىلىدىغان ناچار ئادەتنى يېتىلدۈرگەن.**

ئۇيغۇرلاردا ھازىر كۈچلۈك يۇرتۋازلىق، پەۋقۇلئاددە چېچىلاڭغۇلۇق، ئوي - پىكىردىكى ئالا كۆڭۈللۈكتىن ئىبارەت ئىنتايىن ناچار مىجەز - خۇلق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ بەلكىم بىز ياشاۋاتقان ماكاننىڭ كېڭىيىشى، تەبىئىي شارائىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ خاسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ھەر بىر بوستانلىقنىڭ ئۆزى بىر جەمئىيەت. كۆنسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ياشاش شارائىتلىرى، ئەنە شۇ جەمئىيەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىققا ئىگە يۇرت قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق يۇرت قارىشى بوستانلىقتىكى تۇرمۇشنى قوغداش، تەشكىللەش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا «تۇخۇم شاكىلى» لىق رولىنى ئوينىغان. شۇ قاتاردا بىز يەنە تۆۋەندىكى پاكىتلارغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بوستانلىقلاردىكى تېرىقچىلىق يامغۇر سۈيىنىڭ خېير -ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغاچقا، ئاساسەن قۇدۇق سۈيى ۋە دەريا سۈيىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. سۇ مىقدارى چەكلىك بولغاچقا، تېرىلغۇ يەرلەرنى ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېلىشقا بولمايدۇ ھەمدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىمۇ تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن بولغان تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇۋېتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ باشقا بوستانلىقلار بىلەن ئۆز ئارا سودا - سېتىق تىجارىتى قىلغاندىلا ئاندىن بۇ قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭلاشقا، تىجارەت خاراكتېرلىك پائالىيەتلەر رەسمىي ھالدا رايون خاراكتېرلىك كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. ياپونىيىنىڭ شىنجاڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى بويىچە مەشھۇر مۇتەخەسسىسى سۇڭتىيەن شۇنەن شىنجاڭنىڭ بۇ قەدىمكى بوستانلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بوستانلىقلاردىكى يۇرتلاردىن سودا بازارلىرىنىڭ قىياپىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. سودىدىكى پايدا بۇ دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بوستانلىق دۆلىتىنى سودا دۆلىتىگە ئايلاندۇرغان. بۇنداق دۆلەتلەر گەرچە غايەت زور تىجارەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي كۈچ جەھەتتە ئاجىزراق ئىدى. جۇغراپىيىلىك شارائىتتىكى بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ھالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇڭلاشقا، كۈچلۈك، قۇدرەت تاپقان بىرەر تەشكىللىي كۈچ ئوتتۇرىغا چىقالمىغانىدى» ⑥. بىز ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر، پەقەت ياشاۋاتقان رايونلىرىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقىدىلا بىزنى «قۇمۇللۇق» ، «تۇرپانلىق» ، «قەشقەرلىق» ، «خوتەنلىك» ، «غۇلجىلىق» دەپ ئايرىۋەتكەن. بىزنى كىم مۇشۇنداق پارچىلىۋەتكەن؟ بىزنى ھېچكىم پارچىلىۋەتكەن ئەمەس، ئەكسىچە چۆل - جەزىرە ۋە تار يۇرتۋازلىق قارىشى بىزنى مانا مۇشۇنداق پارچىلىۋەتكەن. چۆل - جەزىرە بىزنىڭ ھەمراھىمىز ھەم دۈشمىنىمىز، بىز چۆل - جەزىرىنىڭ قۇربانى. تارىخ شۇنى ئاللىقاچان ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق چۆل - جەزىرە تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بېكىنمە ھالەتتىكى پسخىك قۇرۇلمىمىزدىكى يۇرتۋازلىق ئېڭى مىللىتىمىزنى قوغدىيالمايدۇ ھەم مىللىتىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ، بەلكى بىزنى تېخىمۇ پارچىلايدۇ ۋە زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. ئەگەر بۇگۈن، باشقا - باشقا يۇرتلاردىن بولغان بىر نەچچىيلەن بىر سورۇنغا جەم بولدى دەيلى، ئۇلار مۇقەررەر هالدا بىر - بىرىنى ئاچچىق گەپلەر بىلەن مەسخىرە قىلىشىدۇ. يەنە بىر يۇرتلۇقلارمۇ ئۆز ئىچىدىن چوڭ - كىچىك يۇرتلارغا بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىنى مازاق قىلىشىدۇ. ھەتتا بىر ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ يۇرتقا تۇغقان يوقلاشقا بارغىنىمىزدىمۇ، قېرىنداش، ئاچا - سىڭىللارنىڭ باللىرىمۇ بىزنىڭ باللىرىمىزنى باشقا يەردىن كەلگەن يات ئادەم قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇلار ھەرگىز ئۆزلىرىنىڭ قانداق قېرىنداشلار ئىكەنلىكىنى، «يىلتىز» نىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇقمايدۇ. بۇنداق كۆچلۈك يۇرتۋازلىق ئېڭى بەزى «يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى» ئارىسىدىمۇ روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مەلۇم ئىدارە ياكى تارماقنىڭ رەھبىرى مەلۇم بىر يۇرتلۇق كىشى بولسا، ئۇ ھالدا بۇ رەھبەر ئۆز يۇرتداشلىرىغا مەۋقىيسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىش كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى يوقىتىدۇ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى يۇرتۋازلىق قارىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. يۇرتۋازلىق ئەسلىدە ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغداشتىكى بىر خىل قەبىلۇۋى ئېڭى ئىدى. بىراق، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق قەبىلۇۋى ئاڭنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللىي ئېڭى ۋە ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت ئېڭى دەسسىدى. يۇرتۋازلىق ئېڭىنى ئەلابىلگەن مىللەت ھامان زامانىۋىلىشىش يولىدا توردىن چۈشۈپ قالىدۇ ياكى «يەر شارىنىڭ گىراژدانى» لىق رويخېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىنىدۇ. بىز بۇنداق يۇرتۋازلىق ئېڭىنىڭ زىيىنىنى ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر شۇنى مۇقىملاشتۇرالايمىزكى، ئۆز - ئۆزىمىزنى گوللايدىغان بۇنداق يۇرتۋازلىق بىر مىللەتنى ھامان ۋەيران قىلىدۇ.

**ئالتىنچى، يېزىق ئىسلاھاتىدىن قورقۇشتەك غەلىتە پسىخىكا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقىغا سەۋەبچى بولغان. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بىز ھەممە نەرسىدىن قورقىمىزيۇ، پەقەت بىرلا - ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەسلىكتىن قورقمايمىز.**

بىزدە ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ بۇددىزم، مانى دىنلىرىغا تەئەللۇق دەۋرلەردىكى «كاپىر» لىق مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقنىڭ ئۈستىگە، بۇگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ بىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئېتىبار بىلەن قارىمايدىغان غەلىتە ھادىسە مەۋجۇت. ئىنسانىيەت تارىخىدا بىز ئۇيغۇرلاردەك ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شامان، بۇددا، مانى، زاروئاستىر ۋە ئىسلام قاتارلىق بۇنداق كۆپ دىنغا ئېتىقاد قىلغان يەنە بىر مىللەت بولمىسا كېرەك. شۇڭا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا گەرچە چەتنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە كۆپ قېتىم ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاساسەن ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە كىرىپ قالدى. ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن ئاممىباب دىن. ئىسلام دىنىدىكى قايسى نەرسىلەرنىڭ دىنىي خاراكتېردىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، قايسى نەرسىلەرنىڭ ئاممىباب (ئەنئەنىۋى) نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىش ناھايىتى تەس. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەردە دىنىي نەرسە دېگىنىمىز - ئاممىباب نەرسە، ئاممىباب نەرسە دېگىنىمىزمۇ دىنىي نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق دىن بىلەن ئاممىبابلىق گىرەلىشىپ كەتكەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بىزنى رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق ئاكتىپ، ئىلغار ھەرىكەتلەرگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدىغان قىلىپ قويغان. بۇنىڭغا ھازىرقى زامان تارىخىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان يېزىق ئىسلاھاتىدىن ئارتۇق مىسال بولمىسا كېرەك. 1958 - يىلى بىز ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتكەندۇق، بۇنىڭ ئۆزى يېزىق ئىسلاھاتى جەھەتتە تاشلانغان ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ھالقىلىق بىر قەدەم ئىدى. ئەپسۇس، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يېرى شۇكى، «يېزىق ئىسلاھاتى» نىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ بىر مەيدان يېزىق ئىسلاھاتى ھەرىكىتىمۇ توختاپ قالدى. ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۇ بىرمەيدان يېزىق ئىسلاھاتى ھەرىكىتى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى بولۇپ قالغاندەك، ناھەق دېلولارنى ئاقلاشتا ئىلگىرىكى ئەرەب يېزىقى يەنە لاتىن يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئالدى. نەتىجىدە بۇ مىللىتىمىزنى زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە ئارقىغا چېكىندۈرۈپلا قالماستىن،

بەلكى يەنە نەچچە ئەۋلاد كىشىنى ساۋاتسىز قىلىپ قويدى، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بۇ ئىش مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ ؟ بەلكىم پۈتكۈل مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان ھېلىقى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن، دەپ قارايدىغاندۇ، مۇشۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي مەنپەئىتىنى قوغداپ قالدىم، دېيىشىدىغاندۇ. بولدى، بەس، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتساق، ئۇلاردا يېزىق ئىسلاھاتىدىن قورقىدىغان غەلىتە مىجەز بار. ئۇلاردا ئالغا ئىنتىلىش روھى بولمىغاچقا، دەۋر ئېقىمىنىڭ ئۇلارنى يۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئاقىۋەتتە مىللەتنى گۆرگە ئىتتىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەر دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان ئەمەسمىدى؟ ھەتتا ئۇلار خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ئوسمان جەمەتىنى قوغلاپ چىقارغان ئەمەسمىدى؟ ئاقىۋەتتە قانداق بولدى؟ بۇ بىر قاتار ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب ئارقىلىق تۈركلەر زامانىۋىلىشىش يولىغا پۇختا قەدەم تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىق ئوبرازىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ئىسلام مەدەنىيەت روھىنى تېخىمۇ نۇر چاچقۇزدى. تۈركلەر بىلەن بىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەرنىڭ ئىسلاھاتى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز مەغلۇب بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ، بىراق ئاساسلىقى يەنىلا مىللىتىمىز روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان، پۈتكۈل مىللەتكە ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولمايدىغان، يېزىق ئىسلاھاتىدىن قورقىدىغان بۇ خىل چۈشكۈن ھالەت يۇقىرىقى مەغلۇبىيەتنىڭ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان يىلتىزىدۇر.

غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنايلى، بىزدە مىللەتنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھۋالىغا قارىتا يۈكسەك دەرىجىلىك ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز يەنىلا يۇقىرىقىدەك پاسسىپ، چۈشكۈن مەدەنىيەت پسىخىكىمىز بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيەت رىقابىتىنى كۆتۈۋالىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا شۇنى پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇرلار زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۇلۇغۋار ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە تېخىمۇ ئارقىدا قېپقالىدۇ. ھەتتا زامانىۋىلىشىشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئىپادە قىلالماسلىقى مۇمكىن. فرانس باكون مۇندىن 400 يىل ئىلگىرى «بۈيۈك ئويغىنىش» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە كىتابتا سۆزلەنمەكچى بولغان ئوبيېكت توغرىسىدا توختىلىپ: «ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇنىڭغا بىرخىل پىكىر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بىر خىل كەسىپ سۈپىتىدە قارىشىنى ھەمدە بىز قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ مەلۇم بىر مەزھەپ ياكى مەلۇم بىر نەزەرىيىگە ئاساس سېلىش ئەمەسلىكىگە، بەلكى بۇ ئىشلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە قەدىر - قىممىتى ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنىدى. مەن بۇ سۆزلەرنى سەمىمىي ھېسسىيات ئىلكىدە، مىللىتىمىزنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ھەر بىر كىشىگە تەقدىم قىلىمەن.

مەن مىللىتىمنى چوڭقۇر سۆيىمەن، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ساغلام، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېڭىباشتىن دۇنياغا كېلىشىگە تېخىمۇ ئىنتىزارمەن.

## ئىزاھلار:

① توينبى: «تارىخ تەتقىقاتى»
② جۇۋبېجو «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 - يىل 2 - سان
③ شۆي سۇمىن: «مەدەنىيەت پەلسەپىسى»
④، ⑤ گرۇسسارت «يايلاق ئىمپېرىيىسى» (مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى گرۇسسارت (Grussart — 格罗塞) روك. كېۋنتون دەپ خاتا ئېلىنغان. ماقالىدا تۈزىتىلدى)
⑥ مۇگتىيەن شۇنەن: «قەدىمكى تەگرىتاغنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» M1

ژۇرنىلىمىز مۇھەررىرلىرىنىڭ شەرتلىك نومۇرى:
قۇربان مامۇت (كانديدات ئالىي مۇھەررىر) M1، سائادەت ئابلەت (مۇھەررىر) M2، رىسالەت مۇھەممەت (مۇھەررىر) M3

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com



# تورغاي



(ھېكايە)

**ئەختەم ئۆمەر**

قەپەزدىكى تورغاي تاڭ ئېتىشى ھامان شۇنداق يېقىملىق سايرايتتى. بۇ سايراش ئەۋجىگە چىققاندا سارغۇچ، پارقىراق تۇمشۇقى يېرىلىپ، قىپقىزىل ئاغزى زىيادە ئېچىلاتتى، نازۇك كىچىك تىلى خۇددى بېلىنجاندەك پىلتىڭلايتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى سەھەر ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ پۈتۈن خالتا كوچىنى بويلاپ تارقىلىپ، بامدات نامىزىغا ئالدىراپ كېتىۋاتقان مۆمىنلەرنىڭ كېچىچە تۈنجۇققان كۆكسىنى بوشىتاتتى.

ئۇ، كۆزىنى قىيا ئېچىپ، چىۋىقا چىڭ چاپلاشقىنىچە تىنىماي ۋىچىرلاپ سايراۋاتقان كىچىككىنە جانىۋاردىن سۆيۈنۈپ ھۇزۇرلاندى. ئۇنىڭ سايدا ئۆسكەن سۆكسۆكتەك بومبا ساقال قاپلىغان يۈزى ئاق يوتقان ئىچىدە تەبەسسۇم بىلەن جىلۋىلىنىپ، سۇزۇك جىلغا سۈيى يالىغان قاراتاشتەك پارقىراپ كەتكەنىدى. بارماقلىرى بولسا تۈكلۈك مەيدىسى بىلەن قورسىقىنى توختىماي سىلايتتى. ئۇ، تورغاينىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىماي سايراشلىرىغا خېلى يىللاردىن بېرى كۆنۈپ قالغانىدى. بۇنداق سايراشلار، ۋىچىرلاشلار ياشلىقىدا ئۇيىنىغان قىزلارنىڭ تولغىنىپ پىچىرلاشلىرىغا، يامىشىپ كۈلۈشلىرىگە

تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. قىزلار ياراتمايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىر قەپەزدە تورغاي باقتى؛ نەۋجۇۋانلاردىن بىزار بولغاندىن باشلاپ بەش قەپەزدە تورغاي باقتى؛ ئاياللاردىن رەسمىي كۆڭلى قالغاندىن كېيىن، تورغاي باقىدىغان قەپەزنى ئوتتۇزغا يەتكۈزدى. شۇندىن بېرى ئۇنىڭ مەھەللىسىدىن كېچە ـ كۈندۈز تورغايلارنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. بۇ ئاخىرى كوچىدا جېدەل كەلتۈرۈپ چىقاردى. قوشنىلىرى ئوخلىيالماي ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى. لېكىن ئۇ ھەممىدە ئۇتتى. چۈنكى ئۇ پۈتۈن كوچىنى پۇلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بېسىقتۇرۇپ، غالىبلىقىنى نامايەن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاۋۋال ئۇنىڭ رەھمان ھاجى دېگەن ئىسمى رەھمان تورغايغا ئۆزگەردى. ئارقىدىن مەھەللىسىمۇ تورغاي مەھەللىسى دەپ ئاتالدى. دەسلەپ ئۇ ھوزۇرلانسا، پۈتۈن مەھەللە ئازابلاندى. قوي مىجەزلىك جامائەت بارا ـ بارا بۇنىڭغىمۇ كۆندى. مەسچىتكە خېلى كۆپ پۇل ياردەم قىلغاندىن كېيىن بولسا، كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. ئاخىرى بېرىپ تورغايلارنىڭ نەغمىسى بۇ كوچىدىكىلەرنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ، بىردەم ئاڭلىمىسا بىرنېمىسى يۈتۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىدىغان، ھەتتا كېچىسى ئوخلىيالمايدىغان ھالغا يەتتى.

رەھمان تورغاي ئۆز ئۆمرىدە ئىككى نەرسىگە ئېتىقاد قىلىپ، شۇنىڭ كويىدا ياشاپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بوسۇغىسىغا يېقىنلىغان. ئۇنىڭ بىرى، پۇل، يەنە بىرى، ئايال بولۇپ، ئۇ ھەر ئىككىسىگە قانائەتلەنگۈدەك ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پۇلنىڭ ئورنى يەنىلا ئۆزگەرمىدى، ئەمما ئايالنىڭ ئورنىنى تورغاي ئىگىلىدى. ئۇنىڭچە، تورغاينىڭ جان ـ جەھلى بىلەن چىرىلدىشى ياشلىقىدىكى قىزلارنىڭ ئاۋازىغا، ئادەتتىكىدەك يېقىملىق سايراشلىرى نەۋجۇۋانلارنىڭ ناز ـ خۇلقىغا ئوخشايتتى. ئۇ ھەر بىر تورغاينى ئۆز كۆڭلىدە بىر ياكى بىر قانچە قىز ـ جۇۋانلارغا ئوخشىتاتتى. شۇڭا بارلىق تورغايلىرىنىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئايالچە ئىسمى بار ئىدى. ئۇلارنى بۇۋى خېنىم، ئاق قىز، رەنا قىز، گۈلباھار. . . دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەنىدى. ھەر قايسىسىنىڭ ئاۋازىنى روشەن پەرقلەندۈرەلەيدىغاندەك، سايرىغان ئاۋاز ئاڭلانغان ھامان ئىختىيارسىز: «ھە، ئاق خېنىم، سېغىندىڭمۇ؟» دەيتتى. تورغايلار سايراپ ھالىدىن كەتكەندە، ئاق بېلىقتەك سوزۇلۇپ ياتقان ئاشۇ خېنىملار كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئامراقلىق بىلەن سۇ بېرەتتى، دان چاچاتتى. تورغاينىڭ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئەسەبىيلىك بىلەن سايراپ، ئاغزىدىن قان تامچىپ، چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ يۇمۇلۇپ كېتىشى قىزلارغا ئوخشايدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل لەززەت، دۇنياغا تېگىشىپ بولمايدىغان كەيپ.

ھەممە تورغايلار بىرلا تورغاي سايراۋاتقاندەك ھەم يەنە بىر مۇنچە تورغايلار سايراۋاتقاندەك بىر خىل رېتىمدا سايراشقا باشلىدى. ئۇلار تەكشى ھالدا ئاغزىنى يوغان كېرىپ، تىلىنى لىپىلدىتىشاتتى. يوغان قەپەزگە سولانغان بۇ جانىۋارلار قونداقتا ئەمەس، قەپەزنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن چىرايلىق چىۋىقلىرىغاپوكانلىرىنى چىڭ چاپلىشىۋېلىشقان بولۇپ، سىرتقا قاراپ قاتتىق چىڭقىلىش ئىچىدە چىرىلداشماقتا ئىدى. يىلان باغرى سوزۇلغان خالتا كوچا ـ تورغاي مەھەللىسىدىن چىقىۋاتقان بۇ ئاۋاز شوخ توي نەغمىسىگىمۇ، مۇڭلۇق مۇقام پەدىسىگىمۇ، غەزەپلىك نەرە تارتىشقىمۇ ئوخشىماي، تامدىن تامغا سوقۇلۇپ ئەكس سادا پەيدا قىلغاندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، ھاۋا زەررىچىلىرىنىڭ ئۇزىتىشى بىلەن تاغ چوققىلىرىغا ئۆرۈلدى. تورغايلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان قانلار قەپەزنىڭ ئالتۇن ھەللىك چىۋىقلىرىدىن ساقىپ دەريالارغا قۇيۇلدى. ئاندىن دەريالارنىڭ لاي سۈيىگە ئارىلىشىپ پايانسىز قۇملۇقلارغا سىڭىپ كەتتى. رەھمان تورغاي ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ تورغايلار بىلەن بىر قەپەزدە تۇراتتى. ئۇمۇ ئاغزىنى ئېچىپ بىر نېمە دېۋىدى، ئاۋازى ئادەمنىڭكىگىمۇ، ھايۋاننىڭكىگىمۇ ياكى ئۇچار قاناتلارنىڭكىگىمۇ ئوخشىماستىن، غەيرىي بىر مەخلۇقنىڭكىدەك چىقتى. ئاغزىدىن تورغايلارنىڭكىگە ئوخشاش جىرتىلداپ ئېتىلغان قان بىردەمدىلا قەپەزنى توشقۇزۇپ پەسكە ساقىشقا باشلىدى. ئاندىن بىردىنلا پۈتۈن تورغاي پوكانلىرىنى يېقىپ تۇرغان قەپەز چىۋىقلىرىدىن ئاجراپ كېلىپ، رەھمان تورغاينىڭ باش ـ كۆز، كانىيىغا ئېتىلدى، ئۇلارنىڭ قانلىق قىزىل تىرناقلىرى كانىيىغا چىڭ پاتۇرۇلدى. ئۇلار بىر خىل ئاۋازدا چىرىلدايتتى، زوۋانى ئادەمنىڭكىگە

ئوخشايتتى.

— بىزنىڭ ئۆيدىكى تۇخۇملىرىمىز قۇرىدى، چۈجىلىرىمىز ئاچلىقتىن ئۆلدى. سەن كۆڭلۈڭنى ئېچىش ئۈچۈن ھاياتىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ.

— سەن كالۋا جاللات بىزنىڭ نالە - زارلىرىمىزنى خۇشال سايراۋاتىدۇ، دەپ بىلدىڭ. ئەمدى سەنمۇ قەپەزگە چۈشتۈڭمۇ؟ قەپەزنىڭ تەمىنى سەنمۇ تېتىپ باق، سەنمۇ نالە - زار قىلىپ باق...

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى روھلۇق، ئېتىقادلىق قەپەز ئىچىدە بىز بىلەن بىللە ئىدى، ئەمدى ئۆزۈڭمۇ كىردىڭ، قېنى سەنمۇ سايرا!

تورغايلار بىردىن قىز - جۇۋانلارغا ئايلىنىپ، ھەممىسى تەڭلا ياقىسىدىن ئالدى.

— سەن بىزنىڭ ھاياتىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ، بىزنى نابۇت قىلدىڭ...

رەھمان تورغاي تىنالماي تۇنجۇقۇپ كەتتى. ئۇ قان ئىچىگە تىزلىنىپ، گۇناھىنى تىلىمەكچى بولۇۋىدى، بايىقى مەخلۇقنىڭكىدەك ئاۋازىمۇ ئۈچۈپ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. ئاخىرىدا بولالماي تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، ئۆمرى قەپەز ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

ئۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ پولات چىشۇقتا ئويغىنىپ ئۇسسۇۋالدى. گۆردەك قاراڭغۇ سولاقخانا يورۇپ كەلتى. ئىككى گۈندىپاي يۈگۈرۈپ كەلدى. رەھمان تورغاينىڭ پېشانىسىدىن قان ئېقىۋاتاتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟
— قارا بېسىپ قاپتۇ.
— پېشانەڭ نېمە بولدى؟
— مۇگدەپ قېلىپ ئۇسسۇۋالدىم.
— يۇۋاش بول.

چىراغ ئۆچۈرۈلدى. تۈرمە ئىچى يەنە گۆردەك تۇس ئالدى. رەھمان تورغاي بىردەم ئولتۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى سىرتقا يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى. تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان گۈندىپاي خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئەجەب خوتۇن كىشىدەك يىغلايدىغان نېمىكەن. ھا، ھا، ھا...

ئۇ، تورغىيىنى ئوغرىلىغان بىر بالىنى تۇتۇۋېلىپ پېيىنى كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، تۈرمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنى ئايالى يوقلاپ كەلدى.

— دەرھال ئۆيگە قايتىپ بالىلارغا ئېيت، تورغايلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتسۇن. قەپەزدىن چىقىرىپ ئۇچۇرۇۋەتكىلار!

ئايالى ھەيران قالغان ھالدا دېدى:

— شۇنچە پۇلغا ئالغان تورغاينى بىكاردىنلا قويۇۋېتەمدۇق، بىزنى باقالمايدۇ دەپ شۇنداق دەۋاتاملا؟ بالىلار تورغايلارغا سىلىدىنمۇ ئۆتە ئامراق، شۇنداق ياخشى بېقىۋاتىدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم! مەن قويۇۋەت دېگەندىكىن قويۇۋېتىش!

— ئەممە سېتىۋېتەيلى، نەچچە مىڭ كويلۇق تورغاينى بىكاردىن بىكار قويۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ، ماقۇل دېسىلە، سېتىۋېتەيلى، پۇلنى شامالغا ئۇچۇرمايلى.

— ھۇ غەرەز ئۇقمايدىغان كالۋا، مەن قويۇۋەت دېگەندىكىن قويۇۋەت. تورغايلارنىڭ قەپەزدىن چىقىشى مېنىڭ ماۋۇ قەپەزدىن قۇتۇلۇشۇمنى بەلگىلەيدۇ. ئاڭلا، مېنى قىساس تۇتۇپتۇ. ئاشۇ تورغايلارنىڭ قىساسى تۇتۇپتۇ.

ئايالى ھەيران بولغىنىدىن داڭقېتىپ قالدى.

— ھاڭۋېقىپ تۇرماي چاپسان بول، ئالۋاستى.
— بۇنى قانداق بىلدىلە؟
— ئىپلاس، چۈشۈمدە ئايان بولدى، چۈشۈمدە!

ئايالى ھۆكىرەپ يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئەمدى ئوغلى كەلدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغانىدى.

— قانداق بولدى؟ — تەقەززا بولغان رەھمان تورغاي پوكىنىنى پولات چىشۇقتا چىڭ يېقىپ زارلانغان ھالدا سورىدى.

— قەپەزنىڭ ئىشىكىنى ئۈچ كۈن ئوچۇق قويسام چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار قەپەزگە كۆنۈپ قاپتۇ.

— بەتبەخت، سەن ئۇلارنى تۇتۇپ ئەپچىقىپ ئاسمانغا ئېتىپ ئۇچۇرىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— چېچىلمىسىلا دادا، ئۇنىمۇ قىلدىم. ئاسمانغا ئاتسام چالمىدەك پوككىدە يەرگە چۈشۈۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت ئۇچمىغاچقا ئۇچۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ، بولمىسا ھەممىسى بېجىرىم، قانىتى ساق، ئەمما ئۇچالمايدۇ، قەپەزگە يۈگۈرەيدۇ...

بالا بوغۇلۇپ كۆزىگە ياش ئالدى. دادىسى لاسىسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھە، مۇنداق - دە... مۇنداق - دە. ئەسلىدە ھايات مۇنداق دېگىن. سەن... سەن ئۆگەت، ئۇلارنى سايلىقتا ئەپچىقىپ ئۇچۇشنى ئۆگەت، ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشىڭ شۇ بولسۇن، باشقا ئىشنى قوي. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويما، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەت. كۈتۈپ تۇر. ئۇلار زىيانغا ئۇچرىسا، سەنمۇ داداڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن بالام. ئۇلار ئاستا - ئاستا ئەسلىدىكى ياشىغان ھاياتىنى، ماكانىنى ئەسكە ئالىدۇ، ئاندىن ئۇچىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا داداڭمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولالايدۇ. M3






## كومىراجىۋا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1650 يىللىق خاتىرىسى ئۈچۈن

(تارىخىي فىلىم)

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن**

### ئاساسىي پېرسوناژلار

كومىراجىۋا - كۇسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى، جۇڭگو بۇددا تەرجىمىچىلىكىدىكى دەۋر بۆلگۈچ شەخس، يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئىپتىخارى

ئاقارى پاك - كۇسەن خانى، بۇددا مەدەنىيىتى ۋە يىپەك يولى دوستانە ئالاقىلىرىنىڭ ھامىيسى

مەلىكە جىۋا - ئاقارى پاكنىڭ سىڭلىسى، كومىراجىۋانىڭ ئانىسى

كومىراتان - توخارىستانلىق ۋەزىر، كۇسەنگە مۇساپىرەت قىلغان، كومىراجىۋانىڭ دادىسى

ئاقارى چىن - ئاقارى پاكنىڭ ئىنىسى

پوتۇشما - كۇسەن ئىبادەت ۋە تەلىم ئىبرامىلىرىنىڭ باش راھىبى، كومىراجىۋانىڭ ھىنايانا بويىچە ئۇستازى

**تەڭرىتاغ ئېكرانى**

ۋاندادانا ـ كەشمىردىكى ھىنايانا باش راھىبى، كومىراجىۋانىڭ ئۇستازى

سۇللى باھادىرا، سۇللى سوما (كومىراجىۋادىن 8 ـ 10 ياش چوڭ) يەركەن شاھزادىلىرى، ئەلەمپەز - جانباز قەھرىمان، ماھايانا ئۆلىمالىرى

يۈلتۈز ـ كومىراجىۋانىڭ كۈتكۈچىسى، دەسلەپكى رەپىقىسى

زىلى چاۋ ـ كومىراجىۋانىڭ مۇنەۋۋەر شاگىرتى

مىلى شيەن ـ كومىراجىۋانىڭ كېيىنكى كۈتكۈچىسى، ئون كېنىزەكنىڭ بىرى؛ ئاقىدىل، خۇش قىرائەت راھىب مىلى ئاغىنىڭ قىزى.

كوپتامى ـ قاراقچىلار باشلىقى

ئەپنو ـ يەكەن (زەرەفشان) دەرياسى بويىدىكى قەبىلە باشلىقى

ياۋشىن ـ كېيىنكى چىن پادشاھسى، كومىراجىۋانىڭ ھامىيسى

لۈي گۇاڭ ـ ئالدىنقى چىن پادشاھسى فۇجيەننىڭ ئاتلىق لەشكەرلەر سانغۇنى، غەربىي لياڭ پارچە ھاكىمىيىتىنى قۇرغۇچى، تەۋەككۈلچى تارىخىي شەخس

سىرمىترا، داۋئەن، بوناتارا، تانمالوسا، خۇي گۈەن، داۋسىڭ قاتارلىقلار

## مۇقەددىمە

ئۈزۈن سۇنايلار، ئەگرى بۇرغىلارنىڭ سوزۇق سادالىرىنى داپ - ناغرا ئۇدارلىرى كېسىپ، جۇشقۇن - شادىيانە كەيپىيات ئەۋجىگە چىقىدۇ. چىرايلىق كىيىنگەن، قىرىق كۆكۈللىق چاچلىرىغا قىزىل تور رومال تاشلىغان قىز - جۇۋانلار رەڭدار كوزىلارنى تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويىنىماقتا.

ھەيۋەتلىك پامىر - كوئىنلۇن تاغلىرىدىن شارقىراپ چۈشكەن زىلال سۇلار بويىدا كېتىۋاتقان ئات - قېچىر كارۋانلىرى. قوراللانغان قورۇل مۇھاپىزەتچىلىرى تىزىلىپ تۇرغان ياڭگۈەن قاپقىلىرىدىن ئۆتۈۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى. كارۋانلار قاتارىدا سەنئەتچىلەر...

چەكسىز كەتكەن بۇغداي، قىچا، كېۋەزلىكلەر ئۈستىدە مۇزىكا ساداسى. كەلكۈندەك چېچەك يۈرگەن يىلقىلار. ئۈزۈمزارلىقتىكى ئەلەڭگۈچ ئويناۋاتقان قىز. قورال - ياراغ بازىرىدا قاتار تىزىلغان قىلىچ، خەنجەر، پىچاق. ئۇچقۇن چاچرىتىۋاتقان بولەش چاقى. ئۇسۇشىۋاتقان سەرخىل قوچقارلار. گىلەم ۋە ئەتلەس سودا لەپكىلىرى.

ئالتۇندەك تاۋلانغان ئېگىز بوتلار. ماھىر كولالچىلار ئەتراپىدا ھەر خىل ئىدىش - لوڭقىلارغا رەڭدار نەقىش چېكىۋاتقان قىزلار. ئارقار، كېيىك ئوۋلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان شاھ - شاھزادىلار باشلىغان چەۋەندازلار. گوردا قوبۇلخانىسىدا مەيزاپ ۋە تونۇر كاۋاپلىرى بىلەن كۈتۈلۈۋاتقان سوغدى، ھىندى، ئىران، رۇم، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مېھمانلىرى.

ئېكراندا: «يىپەك يولى گۈللەنگەن، بۇددا ئېتىقادى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى ئۆركەشلىگەن 4 - ئەسىردىكى كۈسەن» دېگەن خەت. ئارقىدىن:

## كومىراجىۋا
## (413 ـ 344)

دېگەن خەت چاقناپ، ياندىن بايان بېرىلىدۇ:

كۈسەننىڭ ئۇلۇغۋار بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋا جىڭ تى، شۈەنجۇاڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئەسىر بۇددا مەدەنىيىتى، بۇددا نوم - سوترىلىرى تەرجىمىشۇناسلىقى ۋە يىپەك يولى خەلقلىرىنىڭ دوستانە ئالاقىلىرىدىكى ئۈچ بۈيۈك تارىخىي شەخسنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىنى ئاشۇردى، شەرق مەدەنىيىتىگە مىڭ يىللار داۋامىدا ئۆزۈلمەي ئۆركەشلىگەن كاتتا تۆھپە قوشتى.

### 1

كۈسەننىڭ يېڭى پۈتكەن خانلىق بىھارىسى ئالدىدا كۈسەننىڭ باش راھىبى، ئۇستاز پوتۇشما كاسايا كىيىپ، سېرىق قەھرىۋا تەسۋى ئاسقان، كەينىدە سىرمىترا باقشىم قاتارلىق ھىنايا ئۇستاز - ھۆكۈمالار تۈركۈمى، تالىپلار ـ بىكسۇن ۋە بىكسۇنىلار خاس كۆلرەڭ كىيىملىرى بىلەن (بىكسۇنلار تاقىرباش، بىكسۇنىلار باش كىيىمى بىلەن) رەت - رەت تىزىلغان، بىھارا يولىغا چوغدەك پاياندار سېلىنغان تەنتەنىلىك، سۈرلۈك ھالەتتە خاننىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا كېلىشىنى كۈتمەكتە.

داڭ (قۇنۇس) ئۇرۇلىدۇ. خان لەشكەرلىرى قوراللانغان ھالدا پاياندازنىڭ ئىككى قاسنىقىغا تىزىلىدۇ. كۈسەن شاھى ئاقارى پاك بىلەن خانىش؛ خاننىڭ ئىنىسى ئاقارى چىن، خاننىڭ سىڭلىسى مەلىكە جىۋا قاتارلىقلار خانلىق ھارۋىلىرىدا ئاتلىق ئەمىر - لەشكەرلەرنىڭ قوغدىشى بىلەن مۇراسىمغا كېلىدۇ. ئۇلار بىھارا دەرۋازىسى ئالدىدا پوتۇشما قاتارلىقلار تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنىدۇ.

ـ خۇش كېلىپسىلە خان ئالىيلىرى، خانىش ئالىيلىرى، خانزادە ۋە مەلىكە ئالىيلىرى، ئەمىر - لەشكەرلىرىمىز، خۇش كېلىپسىلە! ـ دەيدۇ ئۇستاز پوتۇشما.

www.uyghurkitap.com

ھەممە: «خۇش قەدەم!»، «خۇش كېلىپسىلە!» دېيىشىدۇ. ناغرا - سۇناي ساداسى، گۈل چاچقۇلىرى ئىچىدە ئۇلار پاياندازدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، بىھارا سۇپىسىغا چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلايدۇ. سارايغا كىرىپ، ساكيامۇنىنىڭ ھېكمەت سۆزلەۋاتقان رەڭدار ھەيكىلى ۋە كەينىدىكى بۇددساتۋالار رەڭدار رەسىمىنى كۆرۈپ خان: «ئاپىرىن! تولىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ» دەيدۇ ۋە ئۇستاز پوتۇشماغا: «بۇ بىھارادىكى تالىپ - ئۇستازلار راسخوتى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېڭى بىر تاشكېمىر - ساڭرام قېزىش - بېزەشكە كېتىدىغان راسخوتنى ساخاۋەت قىلدىم» دەپ جاكارلايدۇ. ھەممە كىشى خانغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. ئۇستاز پوتۇشما:

- يۇرتىمىز كۇسەن خان ئائىلىلىرىنىڭ پاراسەت چىرىغى ۋەھىممەت كەمىرى شاراپىتىدىن يەتتە ئىقلىمنىڭ كۆزى، 18 مىڭ ئالەمنىڭ مەرىپەت بۇلىقى بولدى. بارىكاللا، خان ئائىلىلىرى، ئۆمۈر دەريالىرى ئۇزۇن ئاققاي، ھايات دەرەخلىرى يۇرتىمىزغا مېۋە چاچقاي! ئامىتابا بۇرھان! - دەيدۇ.

2

سىرتتىن بىر قانچە كىچىك مولللارنىڭ ھەر يۇرتتىن كەلگەن شاھزادە، بەگزادە ۋە تەلەپكار بېكسۇنلارنى تىزىملاش، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش، بەزىلىرىنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈش رەسمىيىتىنى ئۆتەۋاتقانلىقى كۆرۈنىدۇ. ئۇستاز مولللاردىن بىرى ئوقۇغۇچىلارغا كۇسەننىڭ ئىستىقامەت ئورۇنلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ:

- ھەر قايسى ئەللەردىن ئىستىقامەتكە داخىل بولغان شاھزادە، خانزادە، بەگزادىلەر! يۇرتىمىز-دىكى «دام بىھارسى»نىڭ 700 كىشىلىك، «چۆلتاغ ساڭرامى»نىڭ 50 كىشىلىك، «جام يېڭى خانلىق بىھارسى»نىڭ 60 كىشىلىك، «قۇم بارۇكا ساڭرامى»نىڭ 70 كىشىلىك راھىبلار ياتىقى، تامىقى ۋە تەلىم راسخوتى بار. «ئال - قىزىل ساڭرام»دا 180 بېكسۇن - تالىپ، «ئوردا كەنت ساڭرام»دا 50 بېكسۇن - تالىپ، «ئالبۇ ساڭرام»دا 30 تالىپ ئىستىقامەت قىلىدۇ. ئۇلار كاسسان، سوغدى، توخارىستان، ماچىن، قۇجۇ، ھەتتا پەخپۇرچىندىن - لوياڭدىن كەلگەن...

3

ئالدىراپ كىرگەن سىرمىترا باقشىم ئۇستاز پوتۇشماغا بىر نېمىنى پىچىرلايدۇ. پوتۇشما ئاقارى پاك خانغا پىچىرلايدۇ. ئاقارى پاك خان كۈلۈپ:

- چىنار بولۇپ، لەگلەك قۇشى قونمىسا بولمىغۇدەك. بىھارىمىز پۈتۈپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى بولۇۋاتقان خىسلەتلىك كۈندە خاسىيەتلىك خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى. كوشان خانلىرىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن ئەڭ پاراسەتلىك ۋەزىرى ھۆكۈما كومىراتان جانابى ھەززەت يېڭى قۇرۇلغان كوپتاخانلىقىنىڭ تەقىبى بىلەن يۇرتىمىز تەرەپكە قەدەمى مۇساپىرەت قىلىپتۇ! - دەيدۇ.

ياندىكىلەر روھلىنىدۇ. بەزىلىرى:

- بىھارچىنارىمىزغا خىسلەتلىك لەگلەك قونۇپتۇ!

- ساكيامۇنى بۇرھان ئىشلىرىمىزنى قوللاپتۇ! - دېيىشىدۇ.

ئاقارى پاك خان تەمكىن بولۇپ:

- بىز توخارلار چىلەنشەن تاغلىرى باغرىدا كوزان، بۇۋادىدا كۇسەن، پەرغانىدا كوسان - كاسان، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا كوشان ئەللىرى قۇرۇپ كەلگەن يۇرتچىلار ئەۋلادى بىز. شۇڭا، كومىراتان جانابى ھەزرەت ياقا يۇرتتا مۇساپىرەت قىلغىنى يوق، ئەلۋەتتە! - دەيدۇ. باشقىلار: «دەرھەقىقەت!» دېيىشىدۇ.

4

كۇسەن «قىزىل قاغا». ئاق ئاتقا مىنىپ راھىبانە تون كىيگەن كومىراتان (28 ياش) مۇلازىمى بىلەن تاغ باغرىدا كۆرۈنىدۇ.

كۈمۈش جابدۇقلۇق ئاتلارغا مىنگەن ئاقارى پاكخان ۋە خانىش، ئاقارى چىن ۋە ئاغىچىسى، مەلىكە جىۋا، ئۇستاز پوتۇشما، ئەمىر - ۋەزىر ۋە راھىبلار، قوغدىغۇچى لەشكەرلەر «قىزىل قاغا» تەرەپكە كېلىدۇ ۋە يىراقتىن بىر - بىرىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشىدۇ. قاراۋۇللار سالغان گىلەمدە دەسلەپ سالاملىشىپ، ئاندىن قۇچاقلىشىپ، قول تۇتىشىپ يۈزىگە سىيپاپ كۆرۈشىدۇ.

- ھەزرەتلىرىنىڭ نەسلى زاتى ۋە داڭقى شۆھرەتلىرى بىزگە مەلۇم! يۇرتىمىز ھەزرەتلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ، ئۇلۇغلايدۇ. - دەيدۇ ئاقارى پاك خان كومىراتاننى ياسىداق شاھانە مەيگە تەكلىپ قىلىپ.

- پېقىر مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەندە بەدەخشان ياقۇتىدەك دىدارلىرىنى، خوتەن قاشتېشىدەك ئەزىز دىيارلىرىنى دىلگە پۈكتۈم. تەقدىر - قىسمەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ مەشرىققە قەدەم قويدۇم، - دەيدۇ كومىراتان.

ئاقارى پاك خان بىلەن كومىراتان بىر مەيگە چىقىپ پايتەختكە ماڭىدۇ.

5

ئاقارى چىن كومىراتاننى سىم - سىم، قۇمتۇرتاشكېمىرلىرىنى زىيارەت قىلدۇرىدۇ.

كومىراتان:

www.uyghurkitap.com

- مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا! بىزنىڭ يۇرتتا نىلۇپەر گۈلىنى سولاشتۇرىدىغان (نىلۇپەر بۇددىزم تىمسالى - ئاپتور) كۆز شامىلى سوقۇۋاتقاندا، كۆسەندە ئاجايىپ باھلىر شامىلى يەلپۈنۈۋېتىپتۇ. بارىكاللا! قەندىھار، بامىيانلاردىمۇ بۇنداق گۈزەل تام رەسىملىرى كۆزگە چۈشمەيدۇ، - دەيدۇ.

6

خان ھەرىمدە ئاقارى چىن بىلەن كومىراتان شاھمات ئوينايدۇ. خان، خانىش، مەلىكە جىۋا قاراپ تۇرىدۇ. ئاقارى چىن يېڭىلىدۇ.

- مانا دېمىدىممۇ، شاھمات ئەنەتكەك (ھىندى) ئېلىنىڭ ئويۇنى، - دەيدۇ ئاقارى پاك خان

- سىلى شاھ، ئاكا. قېنى، ئۆزلىرى ئويناسىلا، - دەيدۇ ئاقارى چىن.

- مەن يېڭىلسەم، راستىنلا «شاھ - مات» بولۇپ قالىمەن، - دەيدۇ كۈلۈپ ئاقارى پاك خان ۋە دەرھال مەلىكە جىۋانى شاھمات ئويناشقا تەكلىپ قىلىپ، - شاھمات ئويۇنلىرىدا ھېچ ئاياللىق ئورۇق يوق. ئەمما كەيخىسراۋنى مەلىكە تۇمارىس يېڭىۋالغان! قېنى، ئاكىڭىز يېڭىلسە، سىز ئۇتارسىز! - دەيدۇ.

ئۇلار شاھمات ئويناپ مەلىكە جىۋا باشتىلا كومىراتاننىڭ يولىنى تورايدۇ. كومىراتان سەل تەرلەپ، مەلىكە جىۋانىڭ مەغرۇر تەبەسسۇمىگە كۆز تاشلاپ:

- ئەھۋالىم كەيخىسراۋدىن بەتتەر بولىدىغاندەك. بېشىمنى قان تولغان ئىدىشقا چىلارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن! - دەيدۇ.

- ھا، ھا، ھا . . . قان ئەمەس، مەي تولغان كوزىغا چىلايمىز، قېنى مەي كەلتۈرۈڭلار! - دەيدۇ ئاقارى پاك خان. ئۇلار كىچىككىنە «ھەرەم بەزمىسى» قىلىشىدۇ.

7

ئاقارى پاك خان بىلەن ئۇستاز پوتۇشما خاننىڭ فونتانلىق «مارجان بۇلاق» بېغىدا. يىراق - يېقىندا ھەر خىل كىيىنگەن گۈزەل كېنىزەكلەر كۆرۈنىدۇ.

- ناھايىتى دانا پىكىر! ئۆزلىرى ئېيتقاندەك، كومىراتان ئەقىل - پاراسەتتە ئالماس، ئەدەب - دىيانەتتە نىلۇپەر، ئەلەم بىلەن قەلەمدە پىلتەن چىۋەر زات ئىكەن. ئۇشبۇ ئېسىل لەگلەك قۇشى تەنھالىقتا چىنارىمىزدىن قانات سىلكىپ باشقا دىيارغا سەپەر قىلسا، ھېچكىم: «ياق» دېيەلمەيدۇ. مەلىكە جىۋا خېنىممۇ مانا بۇ يىل يىگىرمىگە كىرىپ قالدى! - دەيدۇ ئۇستاز پوتۇشما.

- ئۇنداقتا ئۇلارنى بىر - بىرىگە قوشۇش ئىشىنى ئۇستاز ئۆزلىرىگە ھاۋالە قىلدىم، - دەيدۇ ئاقارى پاك خان.

- قۇللۇق! - دەپ ئېگىلىدۇ ئۇستاز پوتۇشما.

8

ئوردىدا داغدۇغىلىق شاھانە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكتە.

ۋىدۇساكا باشچىلىقىدىكى كۆسەن ئوركېستىرى ماھارەت كۆرسىتىدۇ.

سارايدا ئۇستاز پوتۇشما كومىراتان بىلەن مەلىكە جىۋاغا تۇزغا چىلىغان ناننى بىر بۇردىدىن يېگۈزىدۇ.

خانىش تىللا چاچقۇ چاچقۇزىدۇ.

«كۆسەن ئەلەمپەزلىكى» قاتارلىق ئويۇنلار، «سۇمۇز»چە نىقابلىق ئويۇنلار، نەپىس داپ ئۇسسۇلى ئوينىلىدۇ.

ئاقارى پاك خان كومىراتانغا ۋە مەلىكە جىۋاغا قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ:

- بۇ مەرھۇم ئاتا - ئانامدىن مىراس قالغان بىر جۈپ ئۈزۈك - ئۆمۈرلۈك ئەقىدە چېتىقى! - دەيدۇ.

ئۇ ۋىدۇساكاغا:

- خانلىقىمىزدا (ئويلىنىپ) بۇندىن 252 يىل مۇقەددەم ئۆتكەن يىراق بوۋىمىز ئاقارى بادىن بىرى داۋام قىلغان بۇ سەلتەنەتتە ئەلەمپەزلىك ئويۇنى بولمىسا زادى قاملاشماس ئىدى. سىز سازەندە - رەققاسلار بىلەن بۇ كاتتا ئىشنى بىجا قىلدىڭىز، - دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر مەھرەم ئارقىلىق بىر تاۋاق تىللا تارتۇق قىلىدۇ. ئۇ يەنە:

- ئىقتىساد بولۇپ مەدەنىيەت بولمىسا، ئىبادەت بولۇپ سەنئەت بولمىسا، دۆلەت كېمىسى زامان دەرياسىدا ۋەيران بولماي قالمايدۇ! - دەيدۇ. باشقىلار: «دانالىق!»، «دەرھەقىقەت!» دېيىشىدۇ.

9

كېنىزەكلەر ياسانغان، تەڭگە جالا ئاسقان. مەلىكە جىۋا ئوغۇل پەرزەنت تەۋەللۇت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاقارى پاك خاننىڭ خانىشى ئىشىك يوچۇقىدىن زەر چاچقۇ چاچىدۇ. قىزىل نىمچىلىق بوستانچاچ قىزلار قۇشلاردەك چىۋىرلىشىپ چاچقۇ تېرىپ، يەنە ئىشىككە ئىنتىلىپ:

- جىۋا خېنىم ئامان بولغاي!

- خانزادەم ساغلام بولغاي! - دېيىشىدۇ.

10

زىندان ئىشىكى ئېچىلىپ مەھبۇسلارغا

زىندان بېگى:

— جۇۋا مەلىكە ئوغۇل تەۋەللۇت قىلغاچ، خان ئالىيلىرى «جازا ئەپۇ» جاكارلىدى، — دەپ ۋارقىرايدۇ. مەھبۇسلار خۇشال زىنداندىن چىقىدۇ. گۈندىپايلار بەزى مەھبۇسلارنىڭ كىشەن قۇلۇپلىرىنى ئاچىدۇ.

11

ئۈسمۈرلەر ئوردا ئالدىدا «ياغلىق توقاچ - ھالۋا» ئېلىشىپ، خۇشال قىقاس سېلىشىدۇ. ئاسماندا رەڭدار لەگلەكلەر پەرۋاز قىلىدۇ. كەڭرى مەيداندا ئوغلاق تارتىش ئەۋجىگە چىقىدۇ.

12

خان ھەرىمدە ئوغۇلغا ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكتە. ئاقارى پاك خان بىلەن ئۇستاز پوتۇشما مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا.

كومىراتاننىڭ قولىدا كىيىندۈرۈلگەن بوۋاق. مەلىكە جۇۋا چىمىلدىق دىۋاندا ئولتۇرىدۇ. بېشىدا شاھانە گۈللۈك رومال، ئەتراپىدا كېنىزەكلەر، يېنىدا ئاقارى پاك خاننىڭ خانىشى بىلەن ئاقارى چىننىڭ ئاغىچىسى.

ئۇستاز پوتۇشما بالىغا ئات قويىدۇ:

— ئىسىم - جىسىم بىلەن بىر ئۆمۈر تامغىلانغان. مەن ئىككى نىلۇپەر بەرگىدىن يورۇق ئالەمگە تامچىغان بۇ مەرۋايىتقا نامۇشەرىپ قويۇشتا، شۇ ئىككى نىلۇپەر بەرگىنىڭ نامىدىن قوشۇپ «كومىراجىۋا» دەپ ئاتىغىم بار، ئۇلۇغلىرىمىز قانداق قارىغاي؟ - دەيدۇ.

— باركاللا! - دەيدۇ خان ۋە باشقىلار.

كومىراتان بالىنى ئۇستاز پوتۇشمانىڭ قولىغا بېرىدۇ. مەلىكە جۇۋا چىمىلدىق ئىچىدە ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇستاز پوتۇشما ئىچىدە قىرائەت قىلىپ كۆزىنى يۇمىدۇ ۋە بىردىن كۆزىنى ئېچىپ بالىغا سۈپكۈچ قىلىپ:

-كومىراجىۋا! مۇبارەك بولسۇن نامۇشەرىپ!

- دەيدۇ. ئۇ يەنە:

-بالىنىڭ يۈرىكى چاپقۇر تۇلپاردەك سوقۇپ، كۆزى نۇرلۇق مەشئەلدەك يېنىپ تۇرۇپتۇ! ئۇ دانالىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك قۇتىغا ئىگە ئىكەن!

- دەيدۇ. ھەممە:

— رەھمەت ئۇستاز.

— رەھمەت باقشىم، - دېيىشىدۇ.

مەلىكە جۇۋا بالىنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باسىدۇ.

13

مەلىكە جۇۋا بۆشۈك يېنىدا ئەللەي قوشىقى ئوقۇيدۇ.

مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سۇ بويىدا كوزا كۆتۈرگەن قاتار قىزلار، ئەتلەس - گىلەم توقۇۋاتقان قاتار جۇۋانلار، سەگۈنچەك - ئىلەڭگۈچ ئويناۋاتقان كېنىزەكلەر كۆرۈنىدۇ.

كومىراجىۋا ۋىلىققىدە كۈلگەن ۋە ماڭغان، تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويىنىغان؛ سىرتتىن كىرىپ ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان كۆرۈنۈشلەر ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

14

كومىراتان كومىراجىۋانى يېتىلەپ خان سارىيىغا ئېلىپ كىرىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ، ئۆزى خوددى ۋەزىرلەردەك ئېگىلىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىدۇ. ئوغۇل تەختنى ياقتۇرماي چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە دادىسى: «يۈرە، كېتىلى» دەپ سىرتقا تارتىدۇ.

15

كومىراتان كومىراجىۋانى يېتىلەپ مال سارىيىغا ئېلىپ بارىدۇ. تاي - تاي ماللار، سارايدىكى كارۋانكەش ئەرەب، ھىندى، ئىران، سوغدى. . . سودىگەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كومىراجىۋا مېتال پۇللارنى ساناۋاتقان، كىچىك تارازىدا ئالتۇن تارتىۋاتقان، ۋەسىقە يېزىۋاتقان بايلارنى، ساراي سىرتىدا ۋارقىراپ قول سودىسى قىلىۋاتقانلارنى، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سىگان قىزلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇ، بۇ يەردە زادى قاپىقىنى ئاچماي، كېتىشكە ئالدىرايدۇ.

16

كومىراتان كومىراجىۋانى قىلىچۋازلار، نەيزىۋازلار ئۆز ئارا ماھارەت كۆرسىتىپ، كۈچ سىنىشىۋاتقان مەشق مەيدانىغا ئېلىپ بارىدۇ. كومىراجىۋا بۇنىڭغا قىزىقمايدۇ.

كومىراتان يەنە ئۇنى شۇ مەيداننىڭ ئايغىدا ئاتلىق توپ - چاۋغان ئويۇنى ئويناۋاتقان يىگىتلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنچە قىزىق ئويۇنمۇ كومىراجىۋانى قىزىقتۇرمايدۇ.

17

كومىراتان كومىراجىۋانى شىكارغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى بىر كىيىكنى ئېتىپ كېلىدۇ. كىيىك ھامىلدار بولۇپ ئۇنىڭ ئارقا پۇتىغا ئوق سانجىلغانىدى. باشقا يىگىتلەر بۈركۈت، تايغان، ئوقيا بىلەن شىكارنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كومىراجىۋا كىيىكنىڭ پۇتىدىكى قاننى كۆرۈپ، مۆلدۈرلەپ تىترەپ تۇرغان كىيىكنىڭ يۈز - كۆزىگە يۈزىنى سۈركەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ، دادىسىغا ھومىيىدۇ. كومىراتان كىيىكنىڭ پۇتىدىكى ئوقنى سۇغۇرۇۋېتىپ تېڭىپ قويىدۇ ۋە ئورمانغا

قويۇۋېتىدۇ.

## 18

كومىراتان كومىراجىۋانى شەيخ سىرمىنترا «ئارخات سوترا» نى قىرائەت قىلدۇۋاتقان بىھارىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار لىكسىيە ئاڭلاۋاتقان نۇرغۇن تالىپلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شەيخ سىرمىنترا:

ـ ساكيامۇنى بۇرھان ئالەمنىڭ ئازابلىقىنى، تۇغۇلماق، قېرىماق، كېسەل بولماق، ئۆلمەك، قايتا سانسارا بولۇپ تەكرار تۇغۇلماقنىڭ ئازابلىقىنى بايقىدى؛ شاھزادىلىكىنى تاشلاپ، پىقىرلار ئارىسىغا كىرىپ، ئازابنىڭ ئالتە سەۋەبىنى تاپتى. ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدىدى. «يانا» ـ بۇ ئازاب دېڭىزىدىن ئۆتۈشتىكى كېمە، ئازاب دەشتىدىن ئۆتۈشتىكى ھارۋىدۇر. ھىنايانا ـ كىچىك ھارۋا دېمەكتۇر . . . ـ دەپ سۆزلىگەندە يىغلاۋاتقان كومىراجىۋانى كۆرۈپ قالدى. ئۇ:

ـ ئامىتابا! ئوغلىمىزنىڭ پاراسىتى يۈكسەك، دىلى يۇمشاق ئىكەن. قويۇچ ياخشى بولمىسا قىلىچ ئۆتكۈر بولماس، بەدەن قۇۋۋەتلىك بولمىسا جەڭچى پالۋان بولماس، قەلب يۈكسەك بولمىسا ياخشى راھىب، ياخشى ئارخات چىقماس. ئوغۇل بۇرھان يولىغا مايىل، سوترا كالامىغا قايىل ئىكەن، چوقۇم چوڭ ئاقارى باقشى ئۇستاز بولىدۇ، ئامىتابا! ـ دېدى.

ئۇستاز پوتۇشما بىر قانچە موللىلار بىلەن كىرىپ كېلىدۇ ۋە:

ـ كومىراتان ھەزرەتلىرى تۇيۇقسىز قەدەم تەشرىپ قىلىپتىلا. بۇ، ئوغلىمىز كومىراجىۋا ئوخشىمايدۇ، مانا چوڭ ئوغۇل بولۇپتۇ، ئوقۇش يېشىغا يېتىپتۇ، ـ دېدى.

كومىراتان:

ـ سالام ئۇستاز، ھەممە ئۆتكەللەر ئۆزلىرى-نىڭ ئۆتكۈر نەزەرلىرى، تەلىم ھېكمەتلىرى، نۇرانە مەرىپەتلىرى بىلەن تولغاچقا، بەختىنىڭ خەيرىخاھلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئوغلۇم ھەممە كەسىپلەردىن كۆرە ئىلمى بۇرھاننى خالىدى، ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىتىگە قالدۇرۇپ كەتسەم، ـ دېدى.

تالىپلار تەسىرلىنىدۇ. ئۇستاز پوتۇشما:

ـ بارىكاللا! بارىكاللا! ئۇستازلىق تەربىيەتچىلىكتە ئۆتكىنىمگە ئۇزۇن يىللار بولدى. ئوقۇش تاماملاپ دانا ئاقارى بولۇپ داڭ قازانغانلىرى يەنىلا ئوقۇشقا كىرگەندە ئەقلى سۆزۈك، دىلى تۈزۈك، ئۆزى ئىپپەت يۈزلۈكلەر-دىن بولدى. كومىراجىۋا، چوقۇم تالىپلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى زەكىي تالىپ بولۇشقا ئىنتىلىپ، كۆۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ! ئوغۇل بىزنىڭ بولدىمۇ؟ ـ دېدۇ.

ـ ئەلۋەتتە، ئۇستاز! ـ دېدۇ كومىراتان.

ـ ئامىتابا! مۇبارەك ئوغلۇم! ـ دېدۇ ئۇستاز پوتۇشما.

## 19

كومىراجىۋا ئانىسىنىڭ ئالدىغا تاقىرباش بولۇپ تالىپ كىيىمى بىلەن يۈگۈرۈپ كىرىدۇ. مەلىكە جىۋا ئۇنى باغرىغا بېسىپ، دەرھال سوئال سورايدۇ:

ـ يىل نېمىگە تىمسال؟

ـ ساكيامۇنىغا!

ـ نىلۇپەر نېمىگە تىمسال؟

ـ ساكيامۇنىغا!

ـ چارق نېمىگە تىمسال؟

ـ سانسارىغا!

ـ سارانسارا چۇ؟

ـ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ، تىرىلىپ، چەكسىز ھەر شەكىلدىكى جانلىق بولۇپ قايتا تۇغۇلۇپ ئازابلىنىشىدۇر!

ـ بارىكاللا، ئوغلۇم! بىر كۈندىلا مۇنچىۋالا بۇددا ھېكمەتلىرىنى بىلىپسەن. بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ تۇرمۇش لاۋازىمەتلىرىڭنى يۆلتۈز ئۈستىگە ئالدۇ، ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلىدە بولغىن، ـ دېيدۇ مەلىكە جىۋا ۋە «يۆلتۈز!» دەپ چاقىرىدۇ.

ـ لەببەيي، مانا مەن! ـ دەپ چىرايلىق بوستان چاچ ئۇسمۇر قىز يۆلتۈز يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.

## 20

كومىراجىۋا ۋە ساۋاقداشلىرى قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ بىرىدىكى رەڭدار تام رەسىمنى ئالدىدا ئۇستاز پوتۇشمانىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلايدۇ:

ـ مانا بۇ رەسىم، ساكيامۇنى بۇرھان ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندا ئۈچ ئالۋاستى قىزنىڭ ئۇنى ئېزىپتە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ يالىڭاچ . . .

ساكيامۇنى نىلۇپەر سۇپىدا ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندا چاچلىرى، بەدەنلىرىگە ئۈنچە-مەرۋايىتلار تاقىغان ئۈچ يالىڭاچ گۈزەل قىز ئاۋازلىرىدىن مۇزىكا چېقىرىپ، ئەۋرىشىم ئۇسسۇل ئويىنىشىپ، بۇرھاننى ئاداشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان كۆرۈنۈش ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

ئۇستاز پوتۇشما سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:

ـ ساكيامۇنى بۇرھان ئۇلارنى بىر قارىغىش بىلەنلا ئۈچ قېرى مومايغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، ـ دەپ تامدىكى ئۈچ قېرى مومايىنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىدۇ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ـ بۇ ئۈچ

قىرى موماي بۇرھانغا توۋا قىلىپ، بۇددا ئىستىقامىتىنى قوبۇل قىلىپ، بېكسۇنى روپاشلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ساكيامۇنىنىڭ ئۆلگۈسى. بۈگۈن سىزلەرنى ئادەم ئۆزىنى ئالتە نەرسىدىن قاچۇرۇش يەنى بەش سەزگۈنى ۋە كۆڭۈلنى گۇناھدىن قاچۇرۇش ۋە كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىك، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسلىق، سېزىپ تۇرۇپ سەزمەسلىكتىن ئىبارەت نەق مەيداندا سىنىماقچىمەن، - دەيدۇ.

21

ئۇستاز پوتۇشما باشچىلىقىدىكى راھىب ۋە تالىپلار.

- ئۇستاز! كومىراتان ھەزرەت ساقىسىز بولغاچقا، تالىپ كومىراجىۋا مەندىن ئىجازەت ئېلىپ ئوردىغا كەتتى، - دەيدۇ سىرمىترا شەيخ.

- ئۇقتۇم، - دەيدۇ ئۇستاز پوتۇشما.

نازۇ نېمەتلەر تولغان داستىخانلاردىن ھور ئۆرلەپ، خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇرغان جايدىن راھىب ۋە تالىپلار كۆرۈپ تۇرۇپ يېگۈسى كەلمەسلىك ئىرادىسى بىلەن ئۆتۈپ، باغقا كىرىشىدۇ. باغدا قىزلار يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ چىملىقتا ياتقان، كۆلدە چۆمۈلۈپ چىقىۋاتقان، چاچ تاراۋاتقان، چىمىلدىق - ئىلەڭگۈچتە ئولتۇرغان، كۆكسىنى سىلاۋاتقان، ساز چېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. تالىپلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. راھىبلار نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

22

كومىراتان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. ئەتراپىدا مەلىكە جىۋا، كومىراجىۋا ۋە ساراي تېۋىپى.

- تۈزۈلۈپ كېتىسىز، كومىراتان، - دەيدۇ مەلىكە جىۋا.

- دادا، كېسەل ئازابى سىنىلا ئەمەس، ھەممىمىزنى قىيناۋاتىدۇ، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

23

ئۇستاز پوتۇشما ئىبادەتخانا سۇپىسىدا تالىپلارغا:

- ئەمدى سىزلەر تاشكېمىرلاردىن ھۇجرىلار تۇتۇپ، ئۆز ئالدىڭىزلارغا نوم - سوترىلار مۇتالىئە قىلىسىزلەر، بۇ، تەلەبىلىكتىن تالىپلىققا يېتىش ماقامىدىن ئىبارەت، - دەيدۇ.

24

كومىراتاننىڭ قاراجاھازلانغان رەسمى.

ئاقارى پاك خان باشلىغان ساراي ئەھلى، ئۇستاز پوتۇشما باشلىغان راھىبلار مەرسىيەدە. مەلىكە جىۋا، يۈلتۈز ۋە كېنىزەكلەر كۆز يېشى قىلىدۇ.

8 - 9 ياشلاردىكى كومىراجىۋا چوڭقۇر خىيال بىلەن تاڭ قېتىپ قالغان ھالدا كۆرۈنىدۇ.

25

«كارۋان بۈيۈك» (يىپەك يولى) تە قاتناۋاتقان كارۋان تۆگىلىرى ۋە ئات - قېچىرلار كۆسەن سېپىلى يېنىغا تىزىلغان. كارۋان باشچىلىرى ۋە ھەر قايسى ئەل - يۇرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر كارۋاندىن ئورۇن ئالغان.

ئاقارى پاك خان، خانىش، ئاقارى چىن ۋە ئاغىچىسى، مەلىكە جىۋا، كومىراجىۋا ھەم يۈلتۈزنى ھىندى - توخارىستان - كەشمىرگە ئۇزاتماقتا. كومىراجىۋانىڭ قولىدا جەسەت كۈلى سېلىنغان قۇتا.

- مەرھۇم كومىراتاننىڭ تەۋەررۈك كۈلىنى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قەندىھار مۇنارىسىغا قويۇشنى، ئوغلۇم كومىراجىۋانى كەشمىر ھۆكۈمالىرىدا ئوقۇتۇشنى نىيەت قىلغان بۇ سەپەر خاسىيەتلىك سەپەردۇر! ئامان بولۇڭلار! - دەيدۇ ئاقارى پاك خان. خانىش ۋە ئاقارى چىننىڭ ئاغىچىسى مەلىكە جىۋاغا جاۋاھىراتلارنى «خىراجەت ئۈچۈن» دەپ يوللۇق تۇتىدۇ. مەلىكە جىۋا: «يېتەرلىك بولدى» دەپ ئالغىلى ئۇنىمىسىمۇ زورلاپ بېرىدۇ. ئاقارى چىن يۈلتۈزغا ئۇلارغا سادىق بولۇپ، ياخشى كۈتۈشنى تاپىلايدۇ.

كارۋان يولغا چىقىدۇ. ئەل - جامائەت ئۇلارنى ئۇزىتىدۇ.

26

قەندىھار تاشكېمىرلىرى، تاغ باغرىنى ئويۇپ ياسالغان ھەيۋەتلىك بۇددىھا ھەيكىلى، تاش مۇنار (ستوپا) ۋە قاپارتمىلىق ھەيكەلچىلەر، جەسەت كۈلى مۇنارىسى، جەسەت كۈلى قۇتىلىرىنى ساقلىغۇچى شەيخ ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

مەلىكە جىۋا، كومىراجىۋا، يۈلتۈز شەيخنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى بىلەن رەڭدار جەسەت كۈلى قۇتىسىنى مۇنارغا قويىدۇ.

شەيخ:

- ئوغلۇم، مۇقەددەس بىر ئىشنى ئادا قىلدىڭىز! «ئادەم ئەجدادىنى بىلگەن» دىلا ئۆزىنى بىلىشنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەيدۇ. ئەسلىدە «سائادەتنىڭ ئىشىكى يوق، ئىنسان ئۇنى ئۆزى كەلتۈرىدۇ» - دەيدۇ.

مەلىكە جىۋا، كومىراجىۋا، يۈلتۈز باميان تاشكېمىرلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاجايىپ گۈزەل يېرىم يالىڭاچ ھىندى ئۇسسۇللىرى ۋە مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايدۇ.

27

كەشمىر. ئۇستاز ۋانداداتا باش راھىبلىق قىلغان ئوقۇش يۇرتى. كومىراجىۋا ئەنەتكەك تىلى ۋە ھىنايانا سوترىلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ:

- دۇكاتتى - گادايلىق
سۇكاتتى - سائادەت
ئاماتا - ئۆلمەسلىك
ئاريا - شادمانلىق
پاپارا - قەبىھلىك
پاندىراتاۋا - دانالىق
ۋىرۋىكا - بىرلىك
سىتتاۋا - تەپەككۇر
ئوتتامان - يۈكسەكلىك
داماپادا - خاتىرە
پاندا - ئورۇن، جاي
دھاممى - تەلىمات
كەيىنا - نەرسە، شەيئى
ئەستايىدىللىق - ئۆلمەسلىك يولى، يەڭگىلتەكلىك - ھالاكەت يولى، - دەپ ئەنەتكەك - سانسكرت تىلىنى مەشىق قىلىدۇ.

ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان مەلىكە جىۋا ئوغلىدىن زوقلىنىپ: «ئاجىنا - قۇربانلىق»، «گاراما - ئۆي»، «بىتىكا - پۈتۈك، يازما بايان»، «جانابىل - ئاقساقال» دەپ ئۈنلۈك ئوقۇپ، ئوغلىنى قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدۇ.

28

داغدۇغىلىق ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكتە. مۇراسىمغا باش راھىب، ئۇستاز ۋانداداتا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. كەشمىر پادىشاھسى بىلەن ۋەزىرلىرى ۋە ئۆلىمالار، تالىپلار قاتنىشىدۇ.

ۋانداداتا:

- پادىشاھ ئالىيلىرى باشلىق ھەر قايسى بۇزرۇكۋارلىرىمىز، ھەر قايسى ھىنايانا ئۇستازلىرى! باياتىن مەرھۇم كومىراتاننىڭ ئوغلى، كۇسەن خان جەمەتى، 13 ياشلىق تەلەبىمىز كومىراجىۋا «پىراجىنا پارامىتا»، «ئامىتابوس پاكلىق سوترىسى» قاتارلىق سوترىلاردىن تاللاپ قىرائەت قىلىش ۋە شەرھلەش جەھەتلەردىكى سىناقتا بولغان ھازىرلىقىنى كۆرسەتتى. سوئاللارغا جاۋاب قايتۇردى. ئەنەتكەك سوترىلىرىنى توخار - تۈركىي تىلىغا ئاغدۇرۇش ماھارىتىنى نامايىش قىلدى. ھەر قايسىلىرىنىڭ يەنە قانداق سوئال - باھالىرى باركىن، قېنى مەرھەمەت، - دەيدۇ.

- مەن يەنە ئازغىنە ئەقىل سىنىماقچىمەن. مەن ھەر بىر بۇددا ئەقلىيىسىنىڭ پىرىمىنى ئېغىزدىن چىقىرىشىم بىلەن كومىراجىۋا ئوغلىمىز ئۇنىڭ داۋامىنى تولۇقلاپ كۆرسە قانداق، - دەيدۇ كەشمىر پادىشاھسى.

- ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كۆڭۈل ئاغدۇرغانلىقىغا رەھمەت. قېنى، بىلىشىمچە جاۋاب قىلاي، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

پادىشاھ: كىشى ياخشىلىق بىجا قىلسا،
كومىراجىۋا: ئالەم ئاڭا بويسۇنۇر.
پادىشاھ: كىشى يامانلىققا داخىل بولسا،
كومىراجىۋا: ئالەم ئۇنى يوق قىلۇر.
پادىشاھ: ياخشىلىقتىن بەخت كېلۇر،
كومىراجىۋا: يامانلىقتىن ئاپەت ياغۇر.
پادىشاھ: پادىشاھ غەزەپلەنسە،
كومىراجىۋا: قان ئاقار مىلك يول يىراق، - دەيدۇ.

پادىشاھ:

- بارىكاللا ئوغلۇم. ئەقىل - پاراسەت، ئىلىمۇ ھېكمەت، ئەدەب - سالاپەتتە بۇ يېشىڭىزدا مۇنچىلىك كامالەت تېپىپسىز، يىگىرمە، ئوتتۇز، قىرىقتا سىزگە تەڭ كېلىدىغان ئۇستاز تېپىلمىسا كېرەك! - دەيدۇ.

ھەممە رازىلىق بىلەن:

- شۇنداق.
- بەرھەق! - دېيىشىدۇ.

- «كۆپنىڭ سۆزى ئالتۇن تاۋلار» دېگەن ھېكمەت بار. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەم سەردار، ھەم پىشقان ئۆلىما - دانىشمەن. ئالىيلىرىنىڭ قالتىس باھاسىدىن پېقىر ۋانداداتامۇ چەكسىز شۆھرەت ھېس قىلدىم. مەن ئۇستازلىق سۈپىتىم بىلەن كومىراجىۋانىڭ ئوقۇشىنى ئەلا مەرتىۋىدە تاماملىغانلىقىنى قۇتلايمەن. قېنى، كاسايا كىيدۈرۈلسۇن! - دەيدۇ ۋانداداتا. چاۋاك ۋە سۇناي چېلىنىدۇ. باشقا ياردەمچى ئۇستازلار كومىراجىۋاغا كاسايا كەيدۈرىدۇ. پادىشاھ تەسۋى ئىنئام قىلىپ:

- بۇ ياقۇت تەسۋى! بەدەخشان ياقۇتى. قولدا تەسۋى دومۇلار، دىلدا سوترا ئوقۇلار. مۇبارەك ياش ئۇستاز - ئاقارى! - دەيدۇ.

چاقماق سادا سالغاندا،
دۇمباق ئۈنى ئاڭلانماس؛
زىلال قاشتاش ئالدىدا،
پۈچۈق تۆمۈر ئەرزىمەس، - دەيدۇ مىننەتدار-لىق بىلدۈرۈپ كومىراجىۋا.

مەلىكە جىۋا بىلەن يۈلتۇز كومىراجىۋاغا پاياندار سېلىپ كۈتۈۋالىدۇ.

29

كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا، يۇلتۇز يوپۇق يېپىلغان، سايىۋەنلىك كارۋان تۆگىلىرىدە يولغا چىقىدۇ.

ۋانداداتا ۋە باشقا راھىبلار ئۇلارنى ئۇزىتىدۇ.

30

ئافغان ئارغىماقلىرىنى مىنگەن قاراقچىلار گوپتامى باشچىلىقىدا ئات چېپىپ، «ھۇيت! ھۇيت!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. يار ئالدىغا كەلگەندە گوپتامى ئات چۇلۋۇرىنى تارتىدۇ، ئات كىشنەپ تىك تۇرىدۇ، قاراقچىلار توختىشىدۇ.

31

كارۋان پىژغىرىم ئاپتاپتا تاغ قاپتاللىرىدىن، ئېقىن ۋە ئېدىرلىقلاردىن ئۆتمەكتە. كارۋان بېشى قوراللانغان ئىككى يىگىت بىلەن كارۋان تۈركۈمى ئالدىدا ئاتلىق يول باشلاپ ماڭماقتا. ئاسماندا قىرقىرىغان سار ئاۋازى.

توساتتىن قاراقچىلار توپى يان جىرادىن ئات چاپتۇرۇپ، ھۇشقۇرتۇپ چىقىدۇ. كارۋان بېشى ۋە ئىككى يىگىت، كارۋاننىڭ ئارقىسى ۋە يان تەرەپلىرىدىكى بىر قانچە يىگىت قاراقچىلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىدۇ. ئېلىشىش ئەۋجىگە چىققاندا گوپتامى باشلىغان قاراقچىلار ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. كارۋان كۈچ ئېلىشالماي پېتىراپ كېتىدۇ. بەزى سەپەرچىلەر تاغ ئېدىرلىرى، ئېقىن ئارىلىرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. جاراھەتلەنگەنلىرى ئۆمىلەپ قاچىدۇ. ئىككى - ئۈچ يىگىت ھالاك بولۇپ، كارۋان بېشى ۋە باشقا يىگىتلەر باغلىنىدۇ. گوپتامى ئاتلىق ئۇيان - بۇيان چېپىپ، مال تۆگىلىرىنى جىراغا ھەيدەشكە ئەمىر قىلىپ، كارۋان بېشى ۋە باغلانغان يىگىتلەرگە كۆرەڭلەيدۇ.

گوپتامى تۆگىدە مىدىرلىماي ئولتۇرغان كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ:

- تۆگىلىرىڭ شاھانە ياسداق، ئەمما بىراق كۆرۈنمەيدۇ مال - دۇنيا، ھەتتا پۇچۇق يارماق؟ ھۇ، يالاڭتۆش راھىب - راھىبەلەر! ھە، ماۋۇ قىز مال - دۇنيانىڭ ئۈنچىسى، ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچىسى ئىكەنغۇ! ساتسا پۇل، ئىشلەتسە قول، - دەيدۇ.

- «ئامىتابا! كىشى يامانلىققا قول ئۇزاتسا، ئالەم ئۇنى يوق قىلۇر!» - دەپ ئالقان جۈپلەيدۇ كومىراجىۋا.

قاراقچىلار كارۋان بېشىنىڭ كاللىسىنى ئالماق، قوراللىق يىگىتلەرنى ئاتقا سۆرەتمەك بولىدۇ.

ئاسماندىن لەگلەك قۇشنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

بىردىنلا قاراقچىلار ساراسىمىگە چۈشۈپ قېچىشقا تۇتۇنىدۇ. يەكەن (ساكا) خانىنىڭ ئىككى شاھزادىسى - سۇللى باھادىرا بىلەن سۇللى سوما باشلىغان بىر تۈركۈم چەۋەندازلار جىلغىدىن چىقىپ قالىدۇ. توغ - سۇتۇق تۇتقان بۇ چەۋەندازلار قاراقچىلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى سېزىپ، دەرھال جەڭگە كىرىدۇ.

سۇللى باھادىرا بىلەن سۇللى سوما ماھىر قىلىچۋاز - جانبازلاردىن بولۇپ، گوپتامى ۋە قابىل قاراقچىلار بىلەن جانبازلىق قىلىدۇ. قاراقچىلار قاچىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوق ئۈزمەك بولغاندا كومىراجىۋا:

- قاراقچى قاچقاندىن كېيىن كىرىچ تارتماق بىھاجەت، - دەيدۇ.

سۇللى باھادىرا بىلەن سۇللى سوما قايرىلىپ كومىراجىۋانىڭ ئالدىغا بارىدۇ. كومىراجىۋا مەلىكە جىۋا بىلەن يۇلتۇزنىڭ ياردىمىدە يەرگە چۈشۈپ شاھزادىلەرگە سالام قىلىدۇ. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشىدۇ. چېچىلغان كارۋان رەتلىنىدۇ.

- ئاپىرىن شاھزادىلەر، ئەلەمدە مۇنداق ئۈستۈن ماھارەتنى كۆرمىگەنىدىم. شاراپىتىڭىزلاردىن ئامان قالدۇق، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

- «كىشى يامانلىققا قول ئۇزاتسا، ئالەم ئۇنى يوق قىلۇر»، بۇ ئالەمنىڭ ئىرادىسى، - دەيدۇ سۇللى سوما.

- ھازىر كومىراجىۋا خانزادەم مۇشۇ ھېكمەتنى ئېيتقانىدى، - دەيدۇ يۇلتۇز.

- ھە، بىر نىيەتتىن بىر خىل سۆز چىقار. ئۆزلىرى ئۆلىما ئوخشايلا، سەپەرلىرى قاياققا، - دەيدۇ سۇللى باھادىرا.

- ئەسلىمىز كۇسەندىن، كەشمىردىن كۇسەنگە كېتىۋاتىمىز، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

- خانزادىمىز كۇسەن خان... - يۇلتۇز كومىراجىۋانىڭ نەسەبىنى ئاشكارىلىماق بولغاندا كومىراجىۋا سۆزنى تارتىۋېلىپلا: - كۇسەن خانلىقىدىن كەشمىرگە ئوقۇشقا چىققان تالىپ، - دەيدۇ.

- ئىسمى شەرىپلىرى؟ - سورايدۇ سۇللى سوما.

- ئانام جىۋا، پېقىر كومىراجىۋا... دېگۈچە سۇللى باھادىرا دەرھال:

- بىلدىم. ئاقارى پاك خان ئالىيلىرىنىڭ سىڭلىسى مەلىكە جىۋا ئالىيلىرى بىلەن كىچىك دانىشمەن كومىراجىۋا! - دەيدۇ.

شاھزادىلەر ئۇلارنى يوپۇقلۇق ئاتلارغا مىندۈرىدۇ. سۇللى سوما:

- ئۇلۇغ كۇسەن - ئىپتىخارىمىز. ئۇنىڭ ھەر

بىر دانىشمىنى ئەزىز مېھمىنىمىز. يۇرتىمىزدىن بىر پىيالە چاي ئىچمەي ئۆتۈپ كېتىشسىلە، بىز ئۆزىمىزنى قەيەرگە قويىمىز، - دەيدۇ.

ئۇلار كارۋاندىن ئايرىلىپ يۇرۇپ كېتىدۇ.

32

سۇللى سوما بىلەن سۇللى باھادىرا كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا، يۇلتۇزلارنى ئەينو ئاتىنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ يەكەن (زەرەفشان) دەرياسىدا كېمە سەيلىسى قىلدۇرىدۇ.

33

يەكەن (زەرەفشان) دەرياسى بويىدا كەچكى شەپەق. گۈلخان چۆرىسىدە بىلىق كاۋىپى پىشماقتا. مەززىلىك تائام، خۇش پۇراق مەيزاپلار بىلەن تولغان داستىخانلار ئەتراپىدا دېھقانلار بەزمە قۇرۇپ قالۇن، بالىمان، راۋاپ، داپ چېلىپ مەشرەپ ئوينىماقتا.

34

- ھا، ھا، ھا. «خۇشاللىق!». ئالەمدە «خۇشاللىق» مەۋجۇت ئەمەس. بىز بۇ مەشرەپكە نىمىدەپ داخىل بولارىمىز، بارمىساق، - دەيدۇ كومىراجىۋا. ئەينوئاتا بىلەن ئىككى شاھزادە بىر - بىرىگە قارىشىۋالىدۇ.

- ئۆزلىرى قايسى ئۇستازدىن تەلىم ئالدىلا كومىراجىۋا خانزادە؟ - دەيدۇ سۇللى سوما.

- ۋانداداتا ھەزرەتتىن، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

- ۋانداداتا ھەزرەت خۇددى كۇسەندىكى پوتۇشما ھەزرەتتەك ھىندىيانا تەلىمى بويىچە بۇددا ئەللىرىدىكى مەشھۇر شۆھرەت ئىگىسى، - دەيدۇ سۇللى سوما.

- شۇنداق، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

- بىراق، ئەگەر مالاللىق ۋە بىئەدەبلىك بولمىسا، ماھايانا پېشىۋالىرىدىن ئاسۋاگوشا، ناگارجۇنا، ئارىيادىۋا، شانتى دىۋا، بۇددىھا پالىتا، چاندىراكرىت ئاقارىلارنىڭ «ئوتتۇرا تەلىم»، «ئون ئىككى تەلىم»، «يۈز تەلىم» قاتارلىق نوملىرىدىن خەۋەردار بولسىلا، ئالەمدە تەڭداشسىز ئىرپان خەزىنىسىگە مۇيەسسەر بولار ئىدىلە. ھازىر ماچىن - خوتەن، يەكەن - قەشقەرلەردە ماھايانا ئىلمى روناق تاپقان بولسىمۇ، كۇسەن - قاراشەھەرلەردە ماھايانا ئىلمى ئېتىزلىرىنى ئېچىش ئۆزلىرىدەك پاراسەت، ھىممەت ئىگىلىرىگە باغلىق، - دەيدۇ سۇللى باھادىرا.

- ئىلىم - سائادەت چىرىغى. ئىلىم قەيەردە بولسا ئوغلۇم شۇ يەرنىڭ تەلەبىسى! - دەيدۇ مەلىكە جىۋا.

- باركاللا! دانىشمەن خانزادە. ماھايانانىڭ ئالاھىدە قائىدىسى ئۈچتۇر. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئالەمدە خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ مەۋجۇت ئەمەس، يوقلۇق - سونياتانى ئالەمنىڭ ماھىيىتى، ھەقىقىتى، دەپ بىلمەكلىك؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئالەمدە پەقەت ساكيامۇنى بۇددىھالىق كامالىغا يەتكەنلا ئەمەس، بەلكى ھەر كىم ئەقىدە قىلسا ۋە پاكلىق - ياخشىلىق يولىدا ئەجىر قىلسا، ئۇمۇ بۇددىھالىق كامالىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ بىلمەكلىك. ھىنايانا بىر بۇددىھا - بىر بۇرھان بولىدۇ، دېسە، ماھايانا مىڭلىغان بۇددىھا - مىڭلىغان بۇرھانلار بولىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ماھايانا قاتتىق تەقۋادارلىقنى، تەركىدۇنيالىقنى تەلەپ قىلمايدۇ، - دەيدۇ سۇللى سوما.

- قانداق، ھەزرىتىم، مەشرەپكە قاتنىشىپمۇ، نىكاھلىق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپمۇ بۇددىھا بولۇش مۇمكىنمىكەن؟ - دەيدۇ ئەينوئاتا.

كومىراجىۋا تېگىرقايدۇ. مەلىكە جىۋا بىلەن يۇلتۇز پىسسىڭگىدە كۈلۈشىدۇ. كومىراجىۋا: «ئامىتابا!» دېمەكچى بولىدۇيۇ، ئىختىيارسىز قولى بوشىشىپ كېتىدۇ.

35

تاڭ سۈزۈلگەندە كېمە ئەينو ئاتىنىڭ يۇرتىدىكى قىرغاقتا توختايدۇ. بۇ چاغدا ناخشا - ئۇسسۇل خۇمار ئەينولار سايىۋەنلىك ھارۋىلىرىنى قاتار توختىتىپ قويغان، قىزلار داپقا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەندى. ئويۇن بىردىنلا «شىر ئۇسسۇلى»غا يۆتكىلىدۇ.

- مانا، قالتىس ئامەت! دەل ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى كۇسەندىن تارالغان شىر ئۇسسۇلىغا داخىل بولدۇق، - دەيدۇ ئەينو ئاتا.

- رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۇسەنگە بىر ئەجدىھا يېقىن كېلىپ قاپتىمىش. ئەجدىھا كۆنگە بىر يىگىت، بىر قىزنى يەيدىكەن. كۇسەن شاھى ئەجدەرخان شىمالىي تاغقا چىقىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئەجدىھا قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن. پادىشاھ ئەجدىھاغا مىنىۋېلىپ، كوكۇلىسىدىن ئاپتۇ. ئەجدىھا چىديالماي ئۆزىنى تاغقا ئۇرۇپ ئۈستىدىكى خاننى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ چۈشۈرۈۋېتەلمەپتۇ. كېيىن خان قولىغا خەنجىرنى ئالغانىكەن، ئەجدىھا يالۋۇرۇپتۇ، ئاخىرى شىرغا ئايلىنىپتۇ. شىر ئۆمۈر بويى خاننىڭ ئاستىدا تەخت، ئالدىدا ئۇسسۇلچى بولۇشقا قەسەم ئىچىپتۇ. شۇندىن كېيىن خان تەختىنىڭ پۇتى شىر تاپان بوپتۇ ۋە مۇشۇ «شىر ئۇسسۇلى» پەيدا بوپتۇ، - دەيدۇ سۇللى سوما.

36

سۈللى باھادىرا، سۈللى سوما، كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا، يۇلتۇزلار ئەينو ئاتا بىلەن ئەينو قەبىلىسىنىڭ ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. ئويۇن ئىستقابلانغان كومبىدىك ئويۇن بولۇپ، «كۆسەن جەسەت كۆلى قۇتىسى»نىڭ سىرتىغا سىزىلغان ھايۋان ۋە غەلىتە قىياپەتلىك ئويۇنلار بىلەن «سۈمۇز» ئويۇنلىرىغا ئوخشايدۇ.

سۈللى باھادىرا ۋە سۈللى سوما ئويۇنچىلارغا چاچقۇ چاچىدۇ.

ئەينولارنىڭ ئاياللىرى قېلىپ، ئەرلىرى ھارۋىلىق، ئاتلىق، قېچىر ۋە ئېشەكلىك يولغا چىقىدۇ.

- يولدىن قالماڭ ئەينو ئاتا، - دەيدۇ سۈللى سوما.

- ھەر قايسىلىرىنى تاشلاپ قانداق كېتەلەيمەن؟ - دەيدۇ ئەينو ئاتا.

- قاياققا، بۇ سەپەر؟ - دەپ سورايدۇ كومىراجىۋا.

- ھەر قايسى يۇرتقا، يازلىق ھوسۇل مەزگىلى، خامان پەسلىدىكى ئابداللىق، تىلەمچىلىككە، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئەينو ئاتا.

- تۇرمۇشىڭىزلار باياشات، ئۆم ئۆتىدىكەن، بۇنداق ئابداللىق - تىلەمچىلىكنىڭ ھاجىتى يوقتۇ؟ ! - دەيدۇ ھەيران بولۇپ كومىراجىۋا.

- بۇ ئۇلارنىڭ ئاتا كەسپى. ھەر يىلى يازلىق، كۈزلۈك يىغىم - تېرىم، ئايەم ئەييامىلىرىدا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى يېزىدا قېلىپ، ئەرلىرى يۇرت - يۇرتلارغا تارقىلىپ كەپسەن يىغىدۇ، - دەيدۇ سۈللى باھادىرا.

- ھەزرىتىم ھەيران بولمىسىلا! ئاتا كەسپىنى ئۇزۇپ قويالمايمىز. بۇ يەنە ئالەمنىڭ بىرلىكى ۋە قارىمۇ قارشى نەرسىلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مۇشۇ باراۋەرلىك سەۋەبىدىن ھەممە نەرسىنىڭ يوقلۇقى مەۋجۇتتەك كۆرۈنىشىمۇ سۇدىكى ئاي شولىسىدەك ساختا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلار بىلەن يىلتىزى بىر! - دەيدۇ ئەينو ئاتا.

- ھە، بۇنىڭدىمۇ ھېكمەت بارغا ئوخشىمامدۇ؟ - كومىراجىۋا ھەيرانلىق بىلەن ئەينو ئاتىنىڭ سۆزىگە قىزىقىدۇ. ئەينو ئاتا سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

- يوقلۇق ئالدىدا، خۇددى ھەممىنى ھالاك قىلغۇچى ئوتنىڭ ئالدىدا ھالاك بولغۇچى ھەممە نەرسىلەر مەۋجۇت بولالماسلىقتا پەرقسىز - باراۋەر بولغىنىدەك، گادايلىق بىلەن بايلىقمۇ، ئازاب بىلەن خۇشاللىقمۇ، تىلەمچىلىك بىلەن ساخاۋەتمۇ باپباراۋەردۇر. گادايىنىڭمۇ قانائەتى ۋە راھەت تۇيغۇسى، بايىنىڭمۇ ئاچكۆزلۈكى ۋە ئازاب تۇيغۇسى بولىدۇ. ئازاب بىلەن خۇشاللىقمۇ مۇتلەق ئەمەس. تىلەمچىلىك - ساخاۋەت قىلىشنى خۇشاللىق بىلگۈچىلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان بىر پىداكارلىق ۋە خۇشاللىق؛ ساخاۋەتمۇ خەير - ئېھسان قىلغۇچىلارنىڭ تاپاۋەت ۋە تىرىكچىلىك يولىدىكى ئۆز - ئۆزىنى پاكلاش ھەرىكىتىدۇر. مانا، ھەزرىتىم، ھەممەزىت، ھەممە باراۋەر، ھەممە نىسپىي، ھەممە قۇپقۇرۇقلۇق - يوقلۇق - سونياتالىقنىڭ دەلىل - ئىسپاتى . . . - دەيدۇ ھاياجانلانغان ئەينو ئاتا. ئۇنىڭ سۆزىنى كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا، يۇلتۇزلار جىددىي ھەيرانلىقتا، سۈللى باھادىرا، سۈللى سوما ۋە توپلانغان كىشىلەر خۇشاللىقتا ئاڭلايدۇ. سۈللى باھادىرا:

- مانا بۇ ماھايانا پېشىۋالىرىنىڭ «ئوتتۇرا تەلىمات»ى، ئالەم نىسپىيلىكى ۋە سۇنياتا - يوقلۇق تەلىمى ھەققىدىكى جانلىق ئىزاھاتى، - دەيدۇ سۈللى سوما.

37

يەكەن خانلىق ئوردىسىدىكى ئىككى شاھزادىنىڭ خاس ھەرەم بېغى. كومىراجىۋا شاھزادىلەرنىڭ كىتابخانىسىدا «ئوتتۇرا تەلىمات»، «ئون ئىككى تەلىم»، «يۈز تەلىم»، «ئەقىلنى نۇرلاندۇرۇش سوترىسى»، «ئاسۋاگوشا تەرجىمىھالى»، «ناگارجۇنا تەرجىمىھالى»، «ئارىيا دىۋا تەرجىمىھالى» قاتارلىق ماھايانا دەستۇرلىرىنى بىر - بىرلەپ كىتاب جازىسىغا ئاۋايلاپ تىزىدۇ.

ئۇستىگە ئىككى شاھزادە كىرىپ كېلىدۇ.

- قىسقىغىنە ۋاقىتتا ھېچكىممۇ ئۆزلىرىدەك ماھايانانىڭ بۇنچىۋالا يىلتىزلىق سوترىلىرى بىلەن ئاغىنلىق نوملىرىنى تەھسىل قىلىپ تاماملىغان ئەمەس. ئەقىل زاكاۋىتى - ھېكمەتنىڭ كاپالىتى، دېگەن مانا شۇ! - دەيدۇ سۈللى سوما.

- بۇ نوم - سوترىلارنى كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويىماي، كۆسەنگە ئېلىپ كەتسىلە ھەزرىتىم، - دەيدۇ سۈللى باھادىرا.

- شۇنداق، بۇ كىتابلار ئۆزلىرىگە تەييارلانغان، - دەيدۇ سۈللى سوما.

- پېقىر ھەر ئىككىلىرىنى بۇددىزىم ئىلمىدە ئۇستاز پۇتۇشما ھەزرىتىم بىلەن ئۇستاز ۋاندادانا ھەزرىتىمدىن كېيىنكى 3 - ئۇستاز، ماھايانا تەلىمى بويىچە بىرىنچى ئۇستاز، دەپ تونۇيمەن. مەنمۇ ناگارجۇنانىڭ مىراس ئىلمىنىڭ شامىلىنى ئۇلغايتىمەن، - دەيدۇ كومىراجىۋا قىزغىنلىق بىلەن.

38

كومىراجىۋا يەكەن - قەشقەرلەردە بىر يىل

تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ ماھايانا ئەقىدىسىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە يۇلتۇزغا قاراپ پال ئېچىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ كۆسەنگە قايتىش ئالدىدا ئىككى شاھزادە ئۆز ھۇجرىسىدا مەي زىياپىتى ئۆتكۈزىدۇ.

- بىز ماھايانانىڭ تەقۋادارلىقىنى، تەركى دۇنياچىلىقىنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. شۇڭا، مەنىسى ئاددىي، ئەمما كۆڭۈللۈك ئۆزىتىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، - دەيدۇ مەي قۇيۇۋېتىپ سۇللى باھادىرا.

- «ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا، ھەممە ھادىسە ئۆز يولىدا»، بۈگۈنكى مەي زىياپىتىمۇ خۇددى شۇنداق، - دەيدۇ سۇللى باھادىرا.

- مەن ھازىرغىچە مەي قاچىسىنى قولۇمغا ئېلىپ باقمىغانىدىم. «مەي - قايغۇنى خالاس قىلىش دورىسى»، شۇنىڭدەك «خۇشاللىقنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەنتەنىسى» - دەيدۇ كومىراجىۋا مەينى يۇتۇپ، - ھا، ھا، ھا... «ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا!» - دەپ كۈلىدۇ.

- ياق، مىنىڭچە، «ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا» بولۇپ بولمىدى، مەسىلەن، يۇلتۇز كومىراجىۋانىڭ قېشىدا ئەمەس، - دەيدۇ سۇللى باھادىرا.

- «ئورنىدا بولىدۇ!» - دەپ سۇللى سوما يۇلتۇزنى چاقىرىپ كىرىدۇ. يۇلتۇز بىلەن مەلىكە جىۋا كىرىپ ھەيران بولىدۇ. يۇلتۇز:

- ھەزرىتىم، بۇ قانداق بولغىنى، مەيزاپ قاچىسىنى سىقىمداپ تۇرىدىغىنىڭىزغۇ؟ - دەيدۇ.

- ئوغلۇم؟! - دەيدۇ ھەيرانلىقتا مەلىكە جىۋا.

- مەي - تىرىكلىكتىكى نىرۋانا! قايغۇدىن بىر دەقىقە خالاس بولماق، بىر دەقىقە نىرۋانا! - دەيدۇ سۇللى باھادىرا.

- «ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا»، پەقەت يۇلتۇزلا ئۆز ئورنىدا ئەمەس، - دەيدۇ سۇللى سوما.

- بىز بىر - بىرىگە مېھرىبان ۋە مۇناسىپ بۇ ئىككى ياشنىڭ يۇلتۇزلىرىنى بىر جايغا قويۇشقا يول ئاچساق دەيمىز. ئەلۋەتتە نىكاھسىز ئائىلە، ئائىلىسىز مىللەت، مىللەتسىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادلىرى بولمايدۇ. ئەۋلادسىز ئېتىقاد ۋە ئېتىقادسىز ئەۋلاد ھەر ئىككىسى بالايىئاپەت! - دەيدۇ سۇللى باھادىرا.

- مەنمۇ شۇ ئويدا ئىدىم، - دەيدۇ مەلىكە جىۋا.

كومىراجىۋا بىلەن يۇلتۇزغا چاي ئىچكۈزۈلىدۇ.

39

شەھەر سىپىلىدىن چىقىۋاتقان ئاتلىقلار. سۇللى سوما، سۇللى باھادىرا بىر توپ ئاتلىق ياساۋۇللار بىلەن كومىراجىۋانى كۆسەنگە ئۇزىتىدۇ.

ئۇلار كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا ۋە يۇلتۇزنى شاھانە - ياسىداق مەپىگەچىقىرىدۇ. بىر قىسىم چەۋەندازلار ئۇلارنى قوغداپ نوم ۋە سوۋغىلار يۈكلەنگەن ئاتلارنى ئېلىپ كۆسەنگە يولغا چىقىدۇ.

- ئاق يول بولسۇن! - دەيدۇ شاھزادىلەر.

- خەير - خوش! ھىممەت چېچەكلىرى جاھاننى قاپلىسۇن! - دەيدۇ كومىراجىۋا.

- خەير - خوش! ئەجىر - ئەقىدىلىرىگە ھەشقاللا، - دېيىشىدۇ مەلىكە جىۋا ۋە يۇلتۇز.

سەپەر داۋام قىلىدۇ.

40

كۆسەن شەھىرىنىڭ غەربىي سىپىلى. ئېگىز - ئالتۇنرەڭ بۇددىھا ھەيكىلى. كۆسەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى دەريا بويىغا جايلاشقان ئاشخاران مەيدانى. بەش يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇت يۆتكەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكتە. ئاھالىلەر تۈركۈملىرى داپ چېلىپ، تۇغ تۇتۇپ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە مەيداندىن ئۆتمەكتە. ئەتراپتا سەيلە - ساياھەت، سودا - تىجارەت قىزىغان.

ئاقارى پاك خان، خانىش، ئاقارى چىن، ئاغىچىسى ۋە ئۇستاز پوتۇشما، كۆسەن خانلىقىنىڭ ئەمىر - ۋەزىر مۆتىۋەرلىرى، قاراشەھەر - ئاگنى پادشاھىسى قاتارلىقلار ياسىداق سۇپىدا سەيلە - مۇراسىم كۆرمەكتە.

خاننىڭ ئالدىغا ساۋۇت، دۇبۇلغا كەيگەن چاپارمەن كېلىدۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقىغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلەن باش ۋەزىرگە خەۋەرنى مەلۇم قىلىدۇ. باش ۋەزىر ئاقارى پاك خانغا ھاياجان بىلەن پىچىرلايدۇ.

- مانا، مانا، مانا! بۇ قۇتلۇق كۈننى ئۇزاقتىن بۇيان تەقەززا بولۇپ كۈتكەنىدۇق! چاپارمەنگە ئات، تون، قىلىچ ۋە تىللا تارتۇق قىلىنغاي! خانىش، ئاقارى چىن ھەر قايسى ئۇستاز، مۆتىۋەرلەر: كومىراجىۋا كاتتا راھىب - ئاقارىلىق ئۇنۋان ۋە شۆھرەتكە ئېرىشىپ، ئانىسى مەلىكە جىۋا بىلەن شەھىرىمىزگە يېقىنلىشىپ قاپتۇ! ئۇلارنى يەكەن خانلىقىنىڭ چەۋەندازلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ كەپتۇ! - دەيدۇ ئاقارى پاك خان تولىمۇ خۇشلۇق بىلەن.

مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى چاپارمەنگە ئات، تون ۋە قىلىچ سوۋغا قىلىپ، بىر يانغا باشلاپ كېتىدۇ.

- خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق، دېگەن مانا

www.uygurkitap.com

مۇشۇ!

– كومىراجىۋا ھەزرەت چولڭ يىگىت بولۇپ قالغانغاندۇ - ھە!

– كومىراجىۋا ھەزرەت يۇرتىمىزغا ساكيامۇنىنىڭ مۇرۇۋۋەت نۇرىنى ئېلىپ كەلدى! - دېيىشىدۇ ئىككى ياندىكىلەر.

– قېنى، مەن ۋە ئىنىم، خانىش بىلەن ئۇستاز پوتۇشما ھەزرىتىم ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقايلى، - دەيدۇ ئاقارىپاكخان.

– سەيلە ئۆز تەرتىپى بىلەن داۋام قىلىدۇ.

41

«قىزىل قاغا» نىڭ ئالدى. قاراۋۇل، ياساۋۇللار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەپراس بولۇپ تىزىلغان.

ئۇ يەردە ئاقارىپاكخان باشلىق كىشىلەر كومىراجىۋالارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا، يۇلتۇزلار چۈشكەن شاھانە - ياسداق مەپە، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان چەۋەندازلار، ئارقىدىن ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان «كارۋان بۇيۇك» (يىپەك يولى) سودا كارۋانلىرى «قىزىل قاغا» غا يېتىپ كېلىدۇ.

داقا - دۇمباق ساداسى ئىچىدە شاھانە مەپىدىكىلەر يەرگە چۈشۈپ قارشى ئالغۇچىلار بىلەن ئۇرۇپ - ئادەت بويىچە كۆرۈشىدۇ. ئىنتىزارلىقتىن كېيىنكى ۋىسال خۇشاللىقى ئەۋجىگە چىقىدۇ.

42

خانلىقنىڭ يېڭى بىھارىسى. بۈك - باراقسان ھويلا ھېكمەت ئاڭلىغۇچىلار بىلەن لىق تولغان. رەڭدار - نەقىشلىك پېشايۋاندا ئاقارى پاك خان باشلىق مۆتىۋەرلەر ئولتۇرىدۇ. شىر پۇتلۇق ئالتۇن تەخت - پايە ئۈستىدە كاسايا كەيگەن 16 – 17 ياشلاردىكى ناتىق كومىراجىۋا ھېكمەت سۆزلىمەكتە.

– ناگارجۇنا ھەزرەتلىرىنىڭ «ماھا پىراجىنا پارامىترا» سوترىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ «ئوتتۇرا تەلىم» دېگەن ئەسىرى تولىمۇ تېرەن ئەقىل ھېكمەتلىرى بىلەن تولغان. «تۇغۇلماق بولمىسا، ئۆلمەك بولماس»، «ئۈزۈلمەك بولمىسا، داۋام قىلماق بولماس»، «بۇ ياقنىڭ بولماي، ئۇ ياقنىڭ بولماس»، «كەلمەك بولمىسا، كەتمەك بولماس» - مانا بۇ مەشھۇر «سەككىز بولماس» ھېكمىتىدىن ئىبارەت، - دەيدۇ كومىراجىۋا. باشقىلار پىچىرلاپ ۋە ھەيران بولۇپ ئۇلارنى تەكرارلىشىپ، باش لىڭشىتىدۇ.

– ناگارجۇنا ھەزرەتلىرىنىڭ تەلىمىچە، ھەممە نەرسە ئۆز گورىدا، ئۆز يولىدا، ئۆز قانۇنىدا. شۇ سەۋەبلىك ھەممە ئاقىۋەت، ھەممە ھادىسىلەر ئۆز سەۋەبىدە! مانا بۇ قانۇنغا، ئەقىلگە، سەۋەبكە مۇناسىپ نەرسىلەر ۋەقە بولىدۇ، ھادىسە بولىدۇ، يۈز بېرىدۇ، دېگەن سۆز! - دەيدۇ تەلىمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان كومىراجىۋا.

شۇ ئارىدا ئۇستاز پوتۇشما بىلەن سىرمىترا غىيىپپىدە قىلىپ مەيداندىن چىقىشىپ كېتىشىدۇ.

43

دەرەخلىك ئارىسىدا روھى چۈشۈپ كەتكەن سىرمىترا بىلەن غەزىپى قايناپ تۇرغان ئۇستاز پوتۇشما كۆرۈنىدۇ.

– غەلىتە ئىش: ھىنايانا ئېلى بولغان كۇسەندە بىزدىن ھىنايانا تەلىمىنى ئۆگىنىپ، كەشمىرگە بېرىپ يەنە ھىنايانادىن تەلىم ئېلىپ، ئۇنىڭ ماھايانا تەرغىباتچىسى بولۇپ كەلگىنىگە ھەيرانمەن! - دەيدۇ سىرمىترا.

– ھىنايانا يەنى ئەسلى مەزھەپتىن ماھايانىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىك، يەنە كېلىپ ئۆزى ئۆتكىنىنى ئاز دەپ، خان ئائىلىلىرى باشلىق ئوردا ئەھلى بىلەن ئەھلى جامائەتكە ئۇنى تەرغىب قىلغانلىق تېخىمۇ غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟! ئامىتابا! - دەيدۇ ئۇستاز پوتۇشما.

44

كومىراجىۋا ھېكمىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

– مانا مۇشۇنداق! ھىنايانا پەقەت ساكيامۇنىلا ئازابتىن قۇتۇلۇش يولىنى بىلگەن. شۇڭا بىرلا ئۇ بۇددىھالىق ماقامىغا كۆتۈرۈلەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز بولساق، ماھايانا بولسا، ھەممە ئادەم ئويدا، سۆزدە، ھەرىكەتتە پاك، ئىزگۇ ۋە خالىس بولسا، ئازاتلىق ماقامىدىن ئېشىپ ئويغىنىپ، بۇددىھا - بۇرھان بولالايدۇ، كەلگۈسىدە بىر ئەمەس، مىڭلىغان بۇرھانلار بولىدۇ، دەپ قارايمىز، – دەيدۇ كومىراجىۋا.

– «تىرىشقان تاپار» دېگەندەك، ياخشىلىقنىڭ چېكى يوق ئىكەن - دە، - دەيدۇ قايىل بولغان ئاقارىپاكخان ۋە باشقىلار.

مەيداندا يېڭى قىزغىنلىق، يېڭى جانلىنىش.

45

جەڭ تۈتەكلىرى ئىچىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك.

ئالدىنقى لىياڭ، كېيىنكى جاۋ، ئالدىنقى چىن خانلىقلىرىنىڭ بايراق - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا يۈرۈش ۋە جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇنلار. زېمىن جەسەت بىلەن قاپلانغان «16 خانلىق» زامانىسى.

كونا بىر خارابىدا مەشھۇر بۇددا ئالىمى

www.uyghurkitap.com

داۋئەن (312 ـ 385) كېسەلچان ياتىدۇ. ئۇ دورا قايىنىتىپ ئىچۈرۈۋاتقان ئايالىغا:

ـ ئەل ـ يۇرت ۋەيرانچىلىقتا تولدى! ئىنساننى پەقەت بىرلا يول ـ ئەقىل ـ پاراسەت يولى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت، پىكىر ـ مۇھاكىمە بىرلىككە كەلمىسە، ئۇرۇش ـ يېغىلىق، جەڭ ـ جېدەل توختىمايدۇ، ـ دەيدۇ. ئايالى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

ـ مانا بۇ دورىنى ئىچىۋالسىلا، بىر دەقىقە ئاراملىق ھەممىدىن ئەۋزەل، ـ دەپ دورىنى ئىچكۈزىدۇ.

46

جەڭدە ئالدىنقى چىن قوشۇنى يېڭىپ چاڭئەن سېپىلى ئۈستىگە ئالدىنقى چىن بايرىقى قادىلىدۇ. سېپىل ئاستىغا ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمى توپلانغان. پادىشاھ فۇجيەن چۈشكەن جەڭ ھارۋىسى تەنتەنە ئىچىدە چاڭئەنگە كىرىدۇ. ئېكراندا:

«ئالدىنقى چىن قوشۇنلىرى چاڭئەنگە غەلىبە بىلەن كىردى» دېگەن خەتلەر كۆرۈنىدۇ.

47

بۇددا ئالىمى داۋئەننىڭ چۈشى:

قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقىلغان دەھشەتلىك چاقماقتىن كېيىن تاراسلاپ يامغۇر ياغىدۇ. ئاسماندىن نۇر چېچىلىپ نۇردىن ئاق چاچلىق، ئۇزۇن قاش ـ كىرپىكلىك بىر تەقۋادار مويسىپىت چىقىدۇ. ئۇ قاقاقلاپ كۈلىدۇ، ئاندىن:

ـ توغرا ئېيتتىڭ داۋئەن، توغرا ئېيتتىڭ! ئەقىل ـ پاراسەت ـ ئىنسانىيەتنىڭ نۇرى، جاھاننىڭ چىرىغى! ھا، ھا، ھا. مانا بۇ نۇر غەربىي ئىقلىمدىكى كۆسەندە بەرق ـ جۇلا قىلماقتا! ھا، ھا، ھا، ـ دەپ غايىب بولىدۇ.

داۋئەن:

ـ كومىراجىۋا!، كومىراجىۋا!! ! ـ دەپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئايالى ئەندىكىپ يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

48

كۆسەن.

كومىراجىۋا 30 ياشتىن ھالقىغان. ئۇ شىر پۇتلۇق ئالتۇن تەختتە تېخىمۇ نۇرغۇن ئەھلى مۇخلىسلارغا «ماھاپىراجىنا پىرامىتا» سوترىسىدىن دەرس سۆزلىمەكتە:

ـ ماھاپىراجىنا پىرامىتا سوترىسى شۇنداق قارايدۇ: قابىل ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن نىرۋانا ماقامىغا يېتىش تەركىدۇنيالىق سەرگۈزەشتىسى بىلەن نىرۋانا ماقامىغا يېتىشتىن ئەۋزەلدۇر...

خەۋەرچى پىچىرلاپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

كومىراجىۋا خۇشاللىقىدا دەرستىن توختاپ:

ـ قېنى، ئۇستاز ۋانداداتا ھەزرىتىم مەرھەمەت قىلسۇن! ـ دەيدۇ ۋە پەلەمپەيدىن چۈشىدۇ. كەشمىردىن كەلگەن ھىنايانا ئۇستازى ۋانداداتا ھەزرەت ياشىنىپ قالغان بولۇپ، مۇلازىملىرى ۋە سىرمىترانىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىدۇ. كومىراجىۋا ئۇستازىنى تىزلىنىپ قارشى ئالىدۇ.

ـ ئۇستاز ۋانداداتا ھەزرەتلىرىنىڭ تۇساتتىن كېلىشىدىن خەۋەرسىز قېلىپ، ئايىغىغا باش قويالماپتىمەن، ـ دەيدۇ كومىراجىۋا ئۆزىنى يۆلەۋاتقان ئۇستازىدىن ئەپۇ سوراپ.

ـ رەھمەت ئوغلۇم! مەن ئاتايىن تۇيۇقسىز كەلدىم. ئانىڭىز مەلىكە جىۋا قازا قىلغانلىقىنى سىرمىترا ھەزرەتتىن ئاڭلاپ تولىمۇ ئۆكۈندۈم، روھى نىرۋانا ئاسايىشگاھىدا بولغاي، ـ دەيدۇ ۋانداداتا ھەزرەت.

ـ قېنى، مەرھەمەت! ـ دەيدۇ يول باشلاپ كومىراجىۋا.

49

يولدا ئاتلىق شىكار قىلىپ كېلىۋاتقان سۇللى سوما بىلەن سۇللى باھادىرا بىر توپ چەۋەنداز يىگىتلىرى بىلەن ئارقار قوغلايدۇ.

50

تاغ ئاستىدىكى قىرچىنتاللىق ئېقىن بويىدىكى چىملىق مەيداندا كۆسەن خەلق تەنھەرىكەت سەيلىسى ئۆتكۈزۈلمەكتە. يىراقتىن ئاق تاغ ـ قەدىمكى بايئىرقۇ خەلقى سۆيۈنىدىغان قارلىق چوققىلار كۆمۈشتەك يالتىرايدۇ.

خانلىق سۇپىدا ئاقارى پاك خان باشلىق مۆتىۋەرلەر سەيلە كۆرمەكتە.

مەيداندا چېلىش، دارۋازلىق، بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش، پىچاق ئېتىش، ساغادى، چاۋغان توپ، خادا تۇتۇپ تاقلاش، تۈگمەن تېشىنى يۆتكەش، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق خەلق تەنھەرىكەتلىرى ئوينىلىدۇ.

سۇللى سوما قىلىچۋازلىقتا، سۇللى باھادىرا نەيزە ئېتىشتا غەلىبە قىلىدۇ. ئۇنى خانلىق سۇپىدا سەيلە كۆرۈۋاتقان كومىراجىۋا بايقىۋېلىپ، ئاقارىپاكخانغا كۆرسىتىپ تونۇشتۇرىدۇ.

ئاقارى پاك خان:

ـ بۇ ئىككى ئەزىز مېھمانىمىز خۇددى ئۇستاز ۋانداداتا ھەزرەتلىرىدەك خۇپىيانە قەدەم تەشرىپ قىلىپتۇ ـ دە، ـ دەپ كومىراجىۋا بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭىدۇ. سۇللى سوما بىلەن سۇللى باھادىرامۇ بۇلار تەرەپكە كېلىدۇ.

ـ سالام، ئەزىز قەدەملىرىڭگە مۇبارەك!

- باركاللا! مۇنداقمۇ تۇيۇقسىز كۆچرىشارمىزمۇ؟
- مۇبارەك قەدەم!
- دىدار غەنىيمەت!
- كېلىشلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتىمىز.
- ئۇلۇغلىرىمىزغا مالال قىلمايلى، دېدۇق، - دېيىشىدۇ ئۇلار.

51

چاڭئەن. ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ خانلىق سارىيى. پادىشاھ فۇجيەن ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن كېڭەشتە. ئۇستاز داۋئەن پادىشاھنىڭ يېنىدا.

فۇجيەن:

- ئەلدە تەپرىقچىلىك يۈز بېرىپ، قان دەريا، سۆڭەكلەر تاغ بولدى. ئەل بىرلىككە كەلمىسە، كۆڭۈلەر تىنچ - خاتىرجەملىك ئىزىغا چۈشمەي، پۇقرا ئاپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەزرەتلىرى (داۋئەنگە قارايدۇ)، ھەر قايسى ۋەزىر - ئەمىرلەرنىڭ قانداق تەكلىپلىرى بارلىقىنى بىلسەم دەيمەن. قېنى ئۇستاز داۋئەن ھەزرەتلىرى، پاراسەت تەقدىم قىلسىلا، - دەيدۇ.

ھەممە داۋئەنگە قارايدۇ. داۋئەن:

- ئادەم ھەر قانچە قابىل بولغان بىلەن ئۇنى ئەقىل تىزگىنلەيدۇ؛ دۆلەت قانچە پارچىلانغان بىلەن ئۇنى تەلىم باشقۇرالايدۇ. پېقىر مانا 70 ياشتىن ھالقىدىم، ئۆمۈر كەينىگە يانمايدۇ. مەن باياتىن كۆرگەن چۈشۈمنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا سۆزلەپ بەردىم. غەربتە بىر ئۇلۇغزات يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم - ھېكمەت، ئىقتىدار - شاراپەت چىرىغى بولمىش ھەزرىتى كۇمراجىۋادۇر. ئۇنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتتى. ھەممە ئۇلىمالار ئۇنى مىڭ يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا چېچىلىدىغان پاراسەت نۇرى، مىڭ يىلدا بىر كۆرۈنىدىغان زېمىن يۇلتۇزى دېسە، بارلىق پادىشاھلار بۇ ئەنگۈشتەرنىڭ ئۆز رەقىبلىرى خەزىنىسىدە يالتىرىشىدىن ئەندىشە قىلىشماقتا. (ئەتراپتىكىلەر پىچىرلىشىدۇ، روھلىنىدۇ) قىلىچ بىلەن تاغ - دەريانى ئېلىش مۇمكىن. ئەمما، كەچۈرۈشسىلە، پەقەت قەلەم بىلەنلا دۆلەتنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن. چۈنكى قىلىچ تىغىدىن قان جىرغىسا، قەلەم ئۇچىدىن جان ھوزۇرلىنىدىغان ھېكمەت دۇردانىلىرى تۆكۈلىدۇ! بۇددا تەلىمى ياخشى تەرجىمە قىلىنمىغاچقا، پۇقرا دىلىدا يىلتىز تارتالمىدى. ئەنەتكەك ۋە توخار تىلىنى خەن تىلىغا سىڭىشلىق تەرجىمە قىلماي، ئۇنى ئىلھام ئاتا قىلىدىغان تەپسىر قىلماي كىشىلەر قەلبىگە چىراغ يېقىش مۇمكىن ئەمەس! دېمەكچى بولغىنىم - ئەلنى ئاسايىشقا، يۇرتنى بىرلىككە مۇيەسسەر قىلىمىز دېسەك، كۇمراجىۋا ھەزرەتلىرىنى ئەل ئۇستازى، خەلق تەربىيەتچىسى قىلماقلىق دەركار! - دەيدۇ.

- بۇ گەپ تولىمۇ ئورۇندا، دەل جايىدا بولدى. كۇمراجىۋا ھەزرەتلىرىنىڭ شۆھرەت شەرىپى ئىقلىمنى قاپلىدى (ھەممە: توغرا؛ شۇنداق؛ شۇ زات سەلتەنىتىمىزنى يۆلىسە، - دېيىشىدۇ). قېنى كىم بۇ مۇبارەك زاتنى تەختىمىز يېنىغا ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ قېنى كىم؟ - دەيدۇ پادىشاھ فۇجيەن.

ئۇ - بۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ شۈك بولۇشىدۇ.

ئاتلىق لەشكەرلەر سانغۇنى لۈي گۇاڭ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ، ئوردا ئېھتىرامىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن:

- پېقىر لۈي گۇاڭ ھەر جەھەتتىن ئويلانغاندىن كېيىن، ئالىيلىرى خوپ كۆرسىلە، بۇ سەلتەنەتلىك ۋەزىپىنى ئۆتەشنى ئۈستۈمگە ئالسام دەيمەن. كۇسەن يىراق تاغلىق، قۇملۇق ۋە بوستانلىق غەربىي ئىقلىمدا. مەن ئاتلىق لەشكەرلىرىم بىلەنلا بۇ يىراق زېمىندا پەرۋاز قىلالايمەن، - دەيدۇ.

فۇجيەن سەل ئىككىلەنگەندەك ئەتراپتىكىلەرگە ئالا كۆز تاشلاپ:

- بولىدۇ. بۇ سەپەر خېلىلا مۇشكۇل. يولدا ئالدىنقى لياڭ زېمىنىنى تىزگىنلەپ جياڭ تيەنشى يولۋاستەك يېتىپتۇ! بۇنى سەن (لۈيگۇاڭغا قاراپ) بىلىسەن! ئەقىدىنى بىرلەشتۈرۈش، سودا يوللىرىنى تىزگىنلەش - مانا بۇ بىر قېتىملىق ھەرىكەتتىكى ئىككى ئىش. ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر! جاۋلىن ۋاڭ خۇركىيىمى ھەرىكىتىنى قوزغاپ ئاتلىق قوشۇن قۇرماقنى تەشەببۇس قىلغان؛ چېن شىخۇاڭ ئاتلىق قوشۇننى ئەتىۋارلاپ ئەلنى بىرلەشتۈرگەن؛ ليۇبېي كەپىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ جۇگېلياڭنى زىيارەت قىلغان؛ بىز ئەقىدىنى، سودا - تىجارەتنى چىڭ تۇتماقچىمىز! سەن (لۈي گۇاڭغا قاراپ) يەتتە تۈمەن چەۋەنداز بىلەن يولغا چىق!

- ئەمىر ئەلا! پەرمان مۇتلەق! - دەيدۇ لۈي گۇاڭ.

52

كۇسەن. كۇمراجىۋانىڭ خاس ئۆيى.

- پوتۇشما ھەزرەتلىرى ھەر جاي - ھەر ماكاندا يوشۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ، ھەتتا كەشمىردىن ئۇستاز ۋانداداتا ھەزرەتلىرى كەلگەندە ئۇنى يېنىغا تارتىپ راھىبلار غەلۋىسى قوزغىماق

بولغىنى نېمىسى؟! پوتۇشما ھەزرەتلىرى: «مەن باشقۇرۇۋاتقان توققۇز بەھارا ـ ئىبادەتخانىدىكى بېكسۇن ـ تالىپلارمۇ ھىنايانادىن تېپىپ كومىراجىۋانىڭ ھېكمىتىنى ئاڭلايدىغان بولدى!» دەپ خان ئالىيلىرىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىپتۇ تېخى! ـ دەيدۇ يۇلتۇز پاراكەندە ھالەتتە.

ـ ئەجەبلىنەرلىكى يوق، يۇلتۇز! دۇنيا ئەنە شۇنداق! بىزمۇ بىر زامانلاردا ئۇستاز سۇللى سوما ۋە سۇللى باھادىرلارنىڭ ماھايانا قاراشلىرىغا ئاز كايىغانمىدۇق؟! مەي باغلاپ پىشقان شاپتۇلدىن بىر تەخسە ئېلىپ كىرىڭلا، ئۇستاز پوتۇشما ھەزرەت ھەققىدىكى ئاچچىق غەمنى شېرىن شاپتۇلغا قوشۇپ يەۋېتەيلى، ـ دەيدۇ كومىراجىۋا. يۇلتۇزنىڭ رەڭگى ئېچىلىدۇ.

53

كۆل بويىدىكى شاھ سۇپىغا كۆرپە، داستىخانلار سېلىنغان. بۇ يەردە ئاقارى پاك خان ئۇستاز ۋانداداتا ھەزرەت بىلەن شاھزادە سۇللى سوما، سۇللى باھادىرلارغا ئۇزىتىش زىياپىتى بەرمەكتە. كۆلنىڭ نېرىسىدا كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان، تائام ھازىرلاۋاتقانلار، خاس خانىلاردا بەزمە ئۈچۈن كىيىم يۆتكەۋاتقان، ئىچ كىيىملىرىنى تۈزەۋاتقان، چاچ تاراۋاتقان، گىرىم قىلىۋاتقان گۈزەل كېنىزەكلەر ۋە ساز تەڭشەۋاتقان سازەندىلەر كۆرۈنىدۇ.

ـ بۇ قېتىم گۈزەل كۇسەن دىيارى، مەرىپەتلىك كۇسەن خەلقى، ئىنىم، ئوغلۇم دېسەممۇ بولىدۇ، كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى مېنى يېڭى ئەقىل ـ پاراسەت ماقامىغا ـ ماھايانا تەلىماتىغا مۇيەسسەر قىلدى. دەرۋەقە، مەن كومىراجىۋانىڭ ھىنايانا تەلىمىدىكى ئۇستازى ئىدىم. ئەمدىلىكتە ھەر قايسىلىرى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، كومىراجىۋا مېنىڭ ماھايانا تەلىمىدىكى ئۇستازىم بولدى؛ كۆپ رەھمەت شاھىم، كۆپ رەھمەت ئۇستازىم، ـ دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋانداداتا.

ـ ئۇستاز ۋانداداتا ھەزرەتلىرىگە، بۇ يەرگە كەلمىسىمۇ نامى داڭدار ئۇستاز پوتۇشما ھەزرەتلىرىگە مەن داۋاملىق رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. ئۇلار ماڭا ساكيامۇنى بۇرھان تەلىمىدىن پاك يول ۋە نۇرلۇق يۈزلىنىشنى كۆرسەتتى. مەن يەنە ئۇستازلىرىم سۇللى سوما ۋە سۇللى باھادىرلا ھەزرەتلىرىگىمۇ مىننەتدار بولۇشۇم لازىم. ئۇلار ماڭا يېڭى ماقام ۋە شۆھرەتلىك خەزىنە ئاتا قىلدى، ـ دەيدۇ كومىراجىۋا ۋە ۋانداداتانى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

54

قەدىمكى ئاگنى (قاراشەھەر) ئەتراپىدا قاتتىق جەڭ بولماقتا. «لۈي» (目) خەتلىك بايراقلىرىنى كۆتۈرگەن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر قاراشەھەر جەڭلىرىدە ئېغىر ھالسىرايدۇ.

قاراشەھەر بۆددا مەركىزى ـ شورچۇققا ئوت تۇتاشقان بولۇپ، بۇتلارنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان. خەلق خانىۋەيران بولغان. ئاگنى لەشكەرلىرى قېيىقلارغا چۈشۈپ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقلار ئارىسىدا يۈرىدۇ.

55

كۆكۈم پەيتى. يىراق ـ يىراقلاردا جەڭ ئوتلىرى يالقۇنجىماقتا.

لۈي گۇاڭ ھەربىي بارگاھىدىكى چىمىلدىقتا يېتىپ چۈش كۆرمەكتە:

كۆمۈشتەك ئاقباش تاغلار.

ئاسماندا يالتىرىغان پولات قىلىچ ۋە ئۇنىڭغا تۇتاشقان قاراشەھەر دەرياسى. دەريادا كۆتۈرۈلگەن بەھەيۋەت ئۇيقۇن. ئۇيقۇندىن ئۆرلەپ چىققان ئاگنى ـ ئوت (卐) رەڭلىك ئەجدىھا. ئەجدىھانىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاچرايدۇ. ئەجدىھا ھەر قېتىم ئوت پۈركىگەندە بۇلۇتلار ئىچىدە چاقماق چېقىپ، يۇلتۇزلار ئوت شارلىرىغا ئايلىنىدۇ. بوران لۈي گۇاڭنىڭ بارگاھىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇنى ئۇچۇرۇپ، چەكسىز قۇملۇققا ئېلىپ تاشلايدۇ ـ دە، بارگاھ ئىشىكىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۇچۇرۇۋېتىدۇ ۋە لۈي گۇاڭ ياتقان چىمىلدىقنى قايرىپ ئۇنى ئېغىر نەپەستىن تەرلىتىۋېتىدۇ. قۇملۇقتا قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ، يامغۇر ئىچىدە ئوقيا ئوقلىرى ۋىژىلدايدۇ. بۇ ئوقلار ئوق يىلانغا ئايلىنىپ لۈي گۇاڭنىڭ بارگاھى ۋە چىمىلدىقنى ئورىۋالىدۇ. ئەجدىھا بارگاھ ئۈستىدە قۇيۇندەك پىرقىرايدۇ. لۈي گۇاڭ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئۈچ يارىدەمچى سەركەردىگە ئالاقزادىلىق بىلەن:

ـ ئەجدىھا، ئەجدىھا... ـ دەۋېتىپ، ـ چېكىنىڭلار، چېكىنىڭلار، ھە ـ ھە، ياق ـ ياق، بۇ شورلۇق يەرنى تاشلاپ كۇسەنگە ئاتلىنىڭلار! ـ دەيدۇ ئۈستىگە ئالمان ـ تالمان كىيىملىرىنى ئارتىپ.

56

لۈي گۇاڭنىڭ لەشكەرلىرى لۈمۈلدەپ تۇرغان قارا پاتقاقتىن ئات ـ قېچىرلىرىنى تارتىپ چىقارماقتا. ئەتراپ جەسەتلەر ۋە بۇزۇلغان جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن تولغان.

لۈي گۇاڭ قوشۇنى غەربكە قاراپ سەپ تارتىدۇ.

57

كۇسەن. خانلىقنىڭ يېڭى باھارىسى. كومىراجىۋا بىر تۇمەن كىشىگە ھېكمەت سۆزلىمەكتە.

تۇيۇقسىز بورانلار ئەنسىز چېلىنىبىدۇ. تۇرلاردىن ئوت كۆتۈرۈلۈپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ يەنە بىر ئاتقا مىنگەن كۇسەن قاراۋۇلى ئات چېپىپ ئىككىنچى تۇرغا قاراپ ماڭىدۇ.

خان ئوردىسىدا ئالدىراش ھالەت. ئاقارى پاك خان جەڭ لىباسى بىلەن ئاتقا مىنىدۇ. سەركەردىلەر جەڭگە ئاتلىنىدۇ.

كومىراجىۋا مۇخلىسلىرىغا:

- تارقىلىڭلار! يۇرت خەۋپ ئىچىدە قالدى!
- دەپ ۋارقىرايدۇ.

كۇسەنىڭ شەھەر سېپىلىدە ساداقچى قوشۇن جەڭگە ھازىرلىنىدۇ.

سېپىل دەرۋازىسىدىن كۇسەن چەۋەندازلىرى جەڭگە ئاتلىنىدۇ.

بورغا، دۇمباق ئاۋازى.

يىراقتىن ئىس - تۈتەك كۆرۈنىدۇ.

58

قۇمتۇرا مۇھاسىرىدە. دەريا سۈيى تاشكېمىر قەسىرىسىنى يالاپ ئاقماقتا. تاشكېمىرلار كارىدور شەكلىدە تۇتاشقان بولۇپ، تاشكېمىرلارغا كىرىدىغان بىرلا يالغۇز ئىشىك تاش بىلەن تاقالغان. مۇھاسىرىدىكىلەر كارىدور ئاستىدىكى تۆشۈكتىن سوغىدا سۇ تارتىدۇ. كارىدور روجەكلىرىدىن دەريا ۋە نېرىقى قىرغاق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

59

- ئۇلار مېنى تەلەپ قىلسا، مەن چىقاي، ئالەمدە ھەممە نەرسە شۇنداق. «تۇغۇلمىسا، ئۆلمەيدۇ. ئۆلمىسە، تۇغۇلمايدۇ». مەن ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئەپسۇسكى، مەن ئەزىز يۇرتۇمغا زادىلا قىيالماي تۇرىمەن. خەلقىمنى، مۇشۇ جەڭ ئازابىدا ئۆرتىنىۋاتقان خەلقىمنى ئويلىغىنىمدا بېشىمغا ھەر قانچە بالا كەلسىمۇ مەيلى! - دەيدۇ كومىراجىۋا قورشاۋتىن چىقىشقا تەمشىلىپ.

- ياق، ئوغلۇم، مەن چىقىمەن. لۇي گۇاڭ مېنىڭ كاللامغا قاراپ تۇرىدۇ. ئەلەم سەردارلىرىنىڭ كۆڭۈل خۇشى شاھلارنىڭ تاج كىيگەن بېشى. ئەگەر بۇ مۇھاسىرە پەنجىسى بىكار قىلىنسىلا، لۇي گۇاڭنىڭ قېشىغا مەن باراي! - دەيدۇ ئاقارى پاك خان.

- تەقدىر شۇنداق! سىزدىن ئايرىلىپ، بىز ئامان قالمايمىز، مەنمۇ باراي، - دەيدۇ ئاقارى چىن.

ئەتراپتىكىلەر يىغا - زار قىلىشىدۇ.

- بىزمۇ بارىمىز!
- مەنمۇ بارىمەن!
- ھەممىمىز ئۆلۈم - كۆرۈمگە تەييار، - دېيىشىدۇ كۆپچىلىك.

60

ئاقارى پاك خان ئوردىسىنى لۇي گۇاڭنىڭ ئادەملىرى ئىگىلىگەن. ئۇلار ھەر قايسى خانىلار، قوبۇلخانا ئۆيلەر، ھەرەمخانىلار، خەزىنىلەرنى، خانىنىڭ خاس بۇرھان (بۇت) ئۆيىنى ئارىلاپ، ئۇلاردىكى بىناكارلىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، نۇسخىچىلىق، ئىلمە توقۇمىچىلىق، زەرگەرلىك، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، رەسساملىق، چىغ - چىۋىق توقۇلمىچىلىقى، چىراغدان ۋە مىسكەرلىك نەمۇنىلىرىگە ھەيران قالىدۇ. لۇي گۇاڭ تامدىكى قىلىچلارنى ئېلىپ، سىلكىپ كۆرۈپ، بىسىنى سىلاپ، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن غىلاپلىرىغا سېلىپ قويىدۇ.

ئۇلار مۇزېي ئۆيىدىكى دۇبۇلغا، تاج، تون، ئالتۇن نەقىشلىك شاھانە كەش، گۈللۈك يۇمشاق ئۆتۈك بىلەن، رامكىلارغا ئېلىنغان ئاقارى بار، ئاقارى ئىن، ئاقارى شان، ئاقارى پاك رەسىملىرىنى كۆرىدۇ. لۇي گۇاڭ قىلىچىنى چىقىرىپ ئاقارى پاكنىڭ رەسىم رامكىسىنى چېپىپ تاشلاپ بىر لەشكەر بېشىغا ۋارقىرايدۇ:

- ئاقارى پاكنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن!

يېنىدىكى بىر ئەمەلدار:

- بۇ، بۇ ئاھالىدە غۇلغۇلا قوزغىماسمۇ، سەركەردە؟ - دەيدۇ. يەنە بىر ئەمەلدار:

- بىز كۇسەن مۇھاسىرىسىدە غەلىبە قىلغان بولساقمۇ، لېكىن پۈتۈن غەربىي دىيار قەلئەلىرىنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتىمىز تېخى! يول يىراق بولغاچقا، ئۇلار تېخى ھەرىكەتكە كېلىپ بولمىدى! - دەيدۇ.

- بىلىمەن. مەن پادىشاھ فۇجيەنىنىڭ دېگىنىنى قىلىمىدىم، قانداق؟! مېنىڭ باغرىمدىمۇ بىر ئوت لاۋۇلدايدۇ، ئۇ - ساماۋىي پادىشاھلىق يالقۇنى! - دەيدۇ. باشقىلار بىر - بىرىگە قاراپ جىم بولۇشىدۇ. ئۇ:

- كۇسەنگە ئاقارى پاكنىڭ ئىنىسى ئاقارى چىننى پادىشاھ قىلىپ، ئاي ئاخىرىغا قالماي چېكىنىمىز! - دەيدۇ.

ئۇلار كۇسەن خانلىقىنىڭ ھەرەم بېغىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى نەغمىچى - رەققاسلارنى، سەنئەت ئۇستازلىرى ۋە چالغۇلارنى كۆرىدۇ.

لۇي گۇاڭ ئامغا ئېسىقلىق بەرباب (پىپا) نى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ ئويغا پاتىدۇ:

ئۇنىڭ كۆزىگە قاتار - قاتار بوت - سەنەملەر، بەرباب چېلىۋاتقان سازەندىلەر، لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىزلار، شاھانە تەختتە خانلىق تاجىنى كىيگەن ئۆزى كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئالدىدىكى كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئەينەك (كۆزگۈ) گە چۈشكەن شولىسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى خىيالدىن يىغقاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ لەشكەر بېشىدىن سورايدۇ:

- قوشۇنىنىڭ ئات - قېچىرلىرىدىن باشقا، دەرھال قانچىلىك ئات - قېچىر تەييارلىغىلى بولىدۇ؟

- بىرەر تۈمەننى! - دەيدۇ لەشكەر بېشى.

- نېمە؟

- بىرەر تۈمەننى، سەركەردە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى تېپىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ۋاقىتنى سوزۇشقا، ئىككىنچىدىن، چۆل - كىچىك يولتۇز يايلىقىغا بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، - دەيدۇ لەشكەر بېشى.

- بولمايدۇ، ھەر ئىككى چارە خەتەرلىك. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن دەرھال ئىككى تۈمەن ئات - ئۇلاق ھازىرلاپ، خۇددى كۈسەننىڭكىدەك يەنە بىر خانلىق ئوردىسى، بۇددا مۇقەددەسگاھى ۋە خانلىق سەنئەت قەسرىسى قۇرۇش ئۈچۈن كۈسەندىن ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت، بوت - سەنەم، رەققاس - سازەندىلەر بىلەن باغ قۇشلىرىنى ئېلىپ مېڭىشقا قوشۇننى ئورۇنلاشتۇر! لەشكەرلىرىمىز ئەمدى جەڭ قىلمايدۇ، بۇ جاۋاھىراتلارنى شەرققە يۆتكەيدۇ! ئۇقتۇڭمۇ؟! - دەيدۇ لۈي گۇاڭ.

- باش ئۈستىگە! - دەپ پەرمانبەردار بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ لەشكەر بېشى.

61

لۈي گۇاڭنىڭ لەشكەرلىرى بىردىن ئاتقا مىنىپ، يەنە بىر ئاتقا يەشىك - ساندۇقلارنى ئارتىشىپ، بەزىلىرى ئات - قېچىرلاردا تۈرلۈك قۇشلار - قەپەزلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ۋە چالغۇلارنى تۇتقان سازەندىلەر، رەققاسلارنى ھەيدىشىپ سەپراس بولۇشىدۇ.

لەشكەر باشلىقلىرى سەپەر جىددىيچىلىكى بىلەن ئۇياق - بۇياققا چېپىشماقتا.

62

يولتۇز كومىراجىۋاغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ.

لۈي گۇاڭنىڭ مەھرەملىرى كومىراجىۋانى يولتۇزدىن زورلاپ ئاجرىتىدۇ.

ئاقارى چىن، ئاغىچىسى، راھىبلار ۋە كۈسەن جامائەتچىلىكى ئامالسىز ھالدا يەرگە قاراپ تۇرۇشىدۇ.

غەزەپتىن تىترىگەن ئاقارى چىن:

- كومىراجىۋا!... بۇ ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغانلىقمۇ؟! (يىغلايدۇ) بوپتۇ، نېمە ئامال؟ (يىغلايدۇ) يولتۇز، سەۋرى قىلىڭ سىڭلىم، ئىنىم كومىراجىۋاغا نېمە ئامال؟ پېشانىمىزغا پۈتۈلگەننى تارتماي نېمە ھەددىمىز؟! - دەيدۇ.

- بىز تېخى تىرىك. ئالدىمىزدىكى ئاق ياكى قارا كۈنلەرنىڭ قىسمەت ھالقىلىرىنى بىلمەيمىز. يىغلاشقا نېمە ھاجەت؟! ئەگەر يىغلاشقا توغرا كەلسە، جەڭلەردە قازا قىلغان مەردۇ - مەردانىلارغا، قازا قىلغان مەرھۇم ئاقارى پاك خان ئالىيلىرىغا يىغلاش لازىم. ھايات بولساقلا يەنە كۆرۈشەلەيمىز. بىراق، يۇرت ئىشقى، خەلق پىراقى ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئېغىر قايغۇ - ھەسرەتتۇر، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

سىرتتىن مەغرۇر ھالەتتە لۈي گۇاڭ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ:

- قېنى، كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى، پۈتۈن قوشۇن، پۈتۈن سەپەر كارۋىنى ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ! - دەيدۇ.

63

گۈگۈم پەيتى. پايانسىز چۆللۈكتە كېتىۋاتقان لۈي گۇاڭ قوشۇنىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاتلىق كومىراجىۋا كۆرۈنىدۇ.

يىراق قۇملۇقتىن تۈرلۈك تىلسىم ئاۋازلار كېلىدۇ.

64

يىراقتىن كۈسەن «قىزىل قاغا» غا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ سۇللى سومابىلەن سۇللى باھادىرى باشلىغان ئاتلىق قوشۇن كېلىدۇ. ئۇلار «قىزىل قاغا» يېنىدا توختايدۇ. سۇللى باھادىرىنىڭ ئاق ئارغىمىقى ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنەيدۇ. بىراق ئۇلار يارەمگە كېچىككەندى.

65

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى يەنە جەڭ تۈتەكلىرى قاپلايدۇ. كېيىنكى چىن خانلىقى ئالدىنقى چىن خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، چاڭئەن سېپىلىغا «ياۋ» (姚) خەتلىك تۇغ - ئەلەملەر قادىلىدۇ. ياۋشىن قوشۇنى تەنتەنە بىلەن چاڭئەن شەھىرىگە كىرىدۇ.

66

ۋۇۋېي (لياڭجۇ - گوزاڭ - ئېرگىنول) شەھىرى سېپىلىغا لۈي گۇاڭ قوشۇنلىرىنىڭ «لۈي» (吕) خەتلىك تۇغ - ئەلەملىرى قادالغان بولۇپ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا لۈي گۇاڭ قوشۇنلىرى توپلاشقان. لۈي گۇاڭ ئاتلىق كېلىپ

سېپىل ئىچىدىن باغلاپ چىقىلغان ئالدىنقى چېن خانلىقىنىڭ سەتراپى لياڭ شىنىڭ ئالدىدا توختاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— فۇجيەننىڭ تەختى - بەختىنى ياۋشىن تارتىۋالدى، ئالدىنقى چېن خانلىقى ھالاك بولغان يەردە، لياڭ ھەزرەتلىرىنىڭمۇ ئەمدى بۇ دۇنيالىقى تۈگىدىغۇ، دەيمەن! — دەيدۇ.

— ھۇ، ساتقىن — مۇناپىق، — دەپ تىللايدۇ لياڭ شى.

لۈي گۇاڭ قاقاقلاپ كۈلىدۇ ۋە لياڭ شىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپ، ۋۇۋېي شەھرىگە ئېتىنى يورغىلىتىپ كىرىپ كېتىدۇ.

67

چاڭئەن. ئۇستاز داۋئەننىڭ تار كوچىلارنىڭ بىرىدىكى كىچىككىنە قورۇسى. داۋئەننىڭ ئايالى سېۋەتتە دورىلىق ۋە يېمەكلىك ئېلىپ قورۇغا كىرىدۇ. داۋئەننىڭ ساراي ئۆيدە بىر ياش ئۆسمۈر بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ياندىكى ئۆيدە قوم قازاندا دورا قاينىتىشقا كىرىشىدۇ.

كارىۋاتتا ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان ئۇستاز داۋئەن 10 ياشلاردىكى بىر ئۆسمۈرگە قاراپ:

— ئوغلۇم زىڭ چاۋ، گەرچە 10 ياشقا تولغان بولساڭمۇ، ئاتەش كۆزلىرىڭ، تېرەن پىكىرلىك دانا سۆزلىرىڭ يىراق ئىستىقبالىڭدىن بېشارەت بەرمەكتە. ئەپسۇسكى، تەن سالامەتلىكىم يار بەرمەسلىكى سەۋەبلىك ئېلتىماسىڭنى قوبۇل قىلىپ، سېنى شاگىرتلىققا ئالالمايمەن. ئۇستاز خۇي يۈەن ھەزرەتلىرى بولسا جەنۇبقا كېتىشكە ھازىرلىنىۋاتىدۇ. ئۇ، لۇشەن تاغلىرىدا راھىبلىق بىلەن ئۆتمەكچى. سىياسىي جېدەل بىلەن قانلىق جەڭلەردىن ئۇمۇ جاق تويغان. (سەل جىددىيلە-شىپ، خۇشاللىق تەلەپپۇزىدا زىڭ چاۋنىڭ بېشىنى سىلاپ) ساڭا ئامەت بار ئوغلۇم. خەۋىرىڭ بولمىسا كېرەك، زامانىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسەت نامايەندىسى، كامىل پىرى ئۇستاز كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى (زىڭ چاۋ: كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى-نىڭ داڭقى شۆھرىتىنى ئاڭلىغانىمەن، — دەيدۇ) گوزاڭ شەھرىگە كەلدى (زىڭ چاۋ: لياڭجۇغا؟ — دەيدۇ). (شۇ چاغدا ئايالى قاينىتىلغان دورا قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.) كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى مانا قىرىققا — نەۋقىرانلىق يېشىغا كەلدى. (ئايالىغا قاراپ) قېنى، ماڭا قەغەز - قەلەم بېرىڭلا، مەن بۇ ئوغۇلنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، — دەيدۇ.

— ئاۋۋال دورىنى ئېچىپ . . . — دەيدۇ ئايالى.

— ئۈزۈم ئىچىمەن، — دەيدۇ ئۇستاز داۋئەن.

— مەن خىزمەتلىرىدە بولاي، — دەپ زىڭ چاۋ دورىنى قولىغا ئالىدۇ. داۋئەن دورا ئىچىۋاتقاندا، ئايالى ئالدىغا موي قەلەم، قەغەز، سىياھ ئېلىپ كېلىدۇ. داۋئەن كومىراجىۋاغا خەت يازىدۇ.

خەت سەھىپىسىدە غۇۋا كۆرۈنۈش: زىڭ چاۋ دوستلىرىغا خەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ؛ زىڭ چاۋ غەربكە سەپەر قىلغان كارۋانغا قوشۇلۇپ يولغا چىقىدۇ؛ كارۋان بېشى پىيادە ئەگەشكەن بۇ ئىرادىلىك بالىنى تۆگىگە مىندۈرۈۋالىدۇ.

68

ۋۇۋېي. غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا لۈي گۇاڭغا «ساماۋىي پادشاھ» لىق تاجىسىنى كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكتە.

جاڭ، داقا - دۇمباقلار ساداسى ئىچىدە لۈي گۇاڭ ئالتۇن - جاۋاھىرلار بىلەن نەقىشلەنگەن تەختكە چىقىدۇ. ۋەزىر - ئەمىرلەر ئۇنىڭغا پادشاھلىق تاجىنى كىيدۈرۈپ، «ياشىسۇن!»، «تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!» دەپ مەدھىيە ئوقۇشىدۇ. قەدەھلەرگە مەي قۇيۇلۇپ، چاچقۇلار چېچىلىدۇ.

69

كومىراجىۋا كىتابخانىسىدا خەت يېزىپ ئولتۇرغاندا كۆتكۈچى چال سىرتتىن كەلگەن خەتلەر بىلەن سوۋغا قىلىنغان كىتابلارنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. ئۇ، يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى يىغىپ، خەت - كىتابلارنى كومىراجىۋانىڭ ئالدىغا قويغاچ:

— ئۇستاز، بۇ يۇرتقا كۆنۈپ قالغانلا؟ بۇ يەردە سەمەرقەنت - بۇخارالىق سوغدىلار، كۇسەن - قەشقەرلىق ئۆز يۇرتلۇقلىرىمىزدىن خېلى بار. يېقىندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرىپىگە «تارىم سەيلىسى» ئۆتكۈزمەكچى، — دەيدۇ. كومىراجىۋا:

— شۇنداق، بۇ يەردە ئۆز يۇرتلۇقلىرىمىز خېلىلا نۇرغۇن ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ سەۋر - تاقەت قىلىپ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قېلىشىمغا مەدەت بولدى. ئۇلار، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ سودا - سېتىق، دىنىي خىزمەت ۋە ئويۇن قويۇش ئىشلىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، يۇرتلىرىغا قايتالماي يەرلىشىپ قالغانلار. (ئۇ ئالدىدىكى خەت - خالتىلارنى كۆرۈپ) ۋۇي، بۇ خۇي يۈەن ھەزرەتلىرىنىڭ مەكتۇپىغۇ! (خەتنى روھلىنىپ كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ) خۇي يۈەن ھەزرەتلىرى چاڭئەندىن جەنۇبقا مېڭىپتۇ. لېكىن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى يازماپتۇ. قارىغاندا، جەنۇبقا ئاسايىش راھىبلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە

www.uyghurkitap.com

سەپەر قىلىپتۇ - دە! تۈگىمىگەن جەڭ - جېدەل، ئۇرۇش ئاپىتى خەلقنى، ئۆلىمالارنى جاق تويغۇزدى! كىتاب، ھە، بۇ كىتابنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ، - دەيدۇ خەتنى قويۇپ، قولىغا ئالغان كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ.

شۇ چاغدا ئىشىكتىن ئۇستىگە چاققان يۇڭ - تاق ئارتقان ياش بىر ئوغۇل كىرىپ كېلىدۇ ۋە سالام بىلەن:

-ئۇستاز كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى، مەن، مەن پېقىر زىلڭ چاۋ ھىلىلا كارۋانچىلار بىلەن چاڭئەندىن كېلىشىم، - دەيدۇ ھودۇققان ھالدا قولىدىكى خەتنى كومىراجىۋاغا ئۇزىتىپ.

كومىراجىۋا بۇ ئۆسمۈرنىڭ قىياپىتى، چەبدەسلىكىگە قىزىقىپ قارىغاچ، خەتنى ئېلىپ روھلىنىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ:

- بۇ، ئۇستاز داۋئەننىڭ خېتىغۇ! ( بىر ئاز ئوقۇغاندىن كېيىن) شۇنداق، داۋئەن ھەزرەتلىرى ياشىنىپ قالدى، ئۇ كەم ئۇچرايدىغان دانا ئۇستازلاردىن. ھە، مەنمۇ ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانىدىم، كىم بىلسۇن، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى چىن، غەربىي لياڭ دېگەندەك بىر مۇنچە خانلىقلار پەيدا بولۇپ، ۋىسال يولىمىزنى ئۈزۈپ قويدى، - دەيدۇ. زىلڭ چاۋنى كۆرسىتىپ مۇلازىمغا ئۇنىڭ يۇك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈشنى تاپىلايدۇ.

زىلڭ چاۋ:

- ئۇستاز داۋئەن ھەزرەتلىرى دائىم ئۆزلىرىنى مەغرىب ئاسمىنىدا كۆتۈرۈلگەن تالڭ شەپقى، زېمىن ئۈستىدە پەرۋاز قىلغان ئەقىل - ئىدراك سۇمۇرغى دەپ تەرىپلەيدۇ. خىيال - زىكرى ھايات چېغىدا دىدارلىرىنى كۆرمەكلىك، - دەيدۇ.

كومىراجىۋا مۇلازىمغا تاماق ھازىرلاشنى بۇيرۇپ:

- ئوقۇش ئىرادىڭىز قويۇچتىن چىڭ، زېھىن لاياقىتىڭىز يېتەرلىك ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋئەن ھەزرەتلىرى ھاۋالە قىپتۇ، بولىدۇ. (تاماق كەلتۈرۈۋاتقان مۇلازىمغا قاراپ) ئىنىم زىلڭ چاۋنىڭ ياتاق، تەلىم ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇڭ، - دەيدۇ.

زىلڭ چاۋ كومىراجىۋاغا تىزلىنىپ مىننەتدارلىق ۋە ھۆرمەت ئىپادىلىمەك بولغاندا، كومىراجىۋا:

- مەنمۇ ئۆگىنىشىم ، ئەلڭ زۆرۈرى بۇددا نوملىرىنى چىن تىل - يېزىقىدا ئاۋامغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىن تىل - يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىشىم كېرەك. ئۆگەنمەي ئۇستاز بولىدىغان ئىش نەدە، ھە! - دەپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

70

كومىراجىۋا زىلڭ چاۋ ۋە بىر قانچە راھىب - شاگىرتلار بىلەن يېڭىدىن قېزىلىۋاتقان دۇنخۇاڭ بۇددا تاشكېمىرلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇ ھەيكەلتىراشلار يېڭى تاراشلاۋاتقان بۇدساتۋالار بىلەن، رەسساملار يېڭى سىزىۋاتقان تام رەسىملىرى يېنىدىن ئۆتىدۇ. «ئايبۇلاق» بويىدا يۈز يۇيىدۇ.

71

كومىراجىۋا دۇنخۇاڭ كوچىلىرىدىكى نورۇز سەيلىسىگە قاتنىشىدۇ. دۇنخۇاڭلىقلارنىڭ «شىر ئۇسسۇلى» ئويۇننى كۆرىدۇ.

72

كومىراجىۋا زىلڭ چاۋدىن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ.

73

كومىراجىۋا ھەشەمەتلىك سورۇندا بۇددا تەلىمىنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ لېكسىيىلىرىنى زىلڭ چاۋ قاتارلىق شاگىرتلىرى خاتىرىلەيدۇ.

74

غەربىي لياڭ ئوردىسىدا پادشاھ لۈي گۇاڭنىڭ ۋارىسى لۈي جۇن كۇسەن نەغمە - ناۋاسىنى ئاساس قىلغان مۇزىكا - ئۇسسۇل بەزمىسى ئۆتكۈزمەكتە. ئويۇن ئەۋجىگە چىققاندا سىرتتىن چاپارمەن مەكتۇپ ئېلىپ كىرىدۇ. مەكتۇپنى ئوقۇپ لۈي جۇن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە چاپارمەننىڭ نالىسىگە قارىماي ئۇنى باغلىتىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ.

75

كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلىرى ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى جەسەتلەر ۋە ۋەيرانە ئىستىھكاملارنى دەسسەپ ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ۋۇۋېي سېپىلىدە كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ تۇغلىرى لەپىلدەيدۇ. ئېكراندا «400 - يىلى. كېيىنكى چىن» دېگەن خەت كۆرۈنىدۇ.

76

كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەن. 402 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋشىن كومىراجىۋانى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشىلەر ئۇنى باھار بايرىمىغا ئۇلگۇرتۇپ ۋۇۋېيدىن چاڭئەنگە يۆتكەپ كېلىدۇ. گۇگۇم پەيتى بىلەن كومىراجىۋا چۈشكەن مەپە ۋە باشقا ئات - ھارۋىلار بايراملىق كوچا تاماشىلىرى، خەلق ئويۇنلىرى ۋە بەس - بەستە ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا سادالىرى

ئىچىدە ئاۋاتلاشقان چاڭئەن رەستىلىرىدىن ئۆتىدۇ.

77

خان سارىيىدا ئوردا ئەھلى كومىراجىۋانى داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانماقتا.

پادىشاھ ياۋشىن سارايغا كېلىۋاتقان كومىراجىۋا ۋە ئۇنىڭ ھەمسەپەرلىرىنى كۆرۈپ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن پەلەمپەيدىن چۈشىدۇ. ئۇزۇن قىزىل پايانداز ئۈستىدە ئۇلار تولىمۇ مەمنۇنلۇق ۋە ھۆرمەت - تەۋەززۇ بىلەن سالاملىشىدۇ.

- سالام، خان ئالىيلىرى.

- خۇش كېلىپسىلە ئەزىز ئۇستاز. قۇياش پۇساڭ دەرىخىدىن كۆتۈرۈلگەندەك، ئەزىز ئۇستاز كۇسەندىن چىققانلىرىغا بىر مۆچەل - 12 يىل بولغان بولسىمۇ، لۇي گۇاڭ قارانىيەتلىك قىلىپ، دىدار نۇرلىرىغا بۇلۇت ياپقانىدى. ئالەمنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەلنىڭ رايى بىلەن بۈگۈن ئۇز نۇرلىرىغا مۇيەسسەر بولالىدۇق، - دەيدۇ ياۋشىن.

- خان ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمەتلىرىگە كۆپ رەھمەت. ئىنايەت ۋە مۇرۇۋۋەتلىرى تۈپەيلى پېقىر كەمىنە ئۇشبۇ ئۇلۇغ ئىلتىپاتقا مۇيەسسەر بولدۇم، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

78

سارايدا كومىراجىۋانى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى داۋام قىلىدۇ.

- ئەزىز ئۇستاز كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى ئوردىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. بۇ، مۇقەددەس نۇرنىڭ باھار بۇرجىدا چاقنىشىدۇر، بۇ يەنە خاندانلىقىمىزنىڭ شانۇ - شۆھرىتىنىڭ بېشارەت ۋە ئالامىتىدۇر. مەن ئەزىز ئۇستازغا: «دۆلەت ئۇستازى» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى جاكارلايمەن! مۇبارەك بولسۇن، - دەيدۇ ياۋشىن.

ئوردا ئەھلى:

- مۇبارەك بولسۇن !

- قۇتلۇق بولغاي ! - دېيىشىدۇ.

كومىراجىۋاغا تون، تاج تارتۇق قىلىنىدۇ. ساز چېلىنىدۇ. رەققاسلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. مۇراسىم ئەۋجىگە چىقىدۇ.

79

چاڭئەن غەربىي گۈزەر، باغدىكى ھۇجرا - خانىلاردا تەرجىمانلار بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلماقتا. بەزى تەرجىمانلار نوملاردىكى ئاتالمىلار ئۈستىدە مۇتالىيە ۋە مۇنازىرە قىلماقتا.

كومىراجىۋا بۇناتارا ۋە كۇسەنلىك تانىلوسا قاتارلىق ئۆلىمالارنى ئەگەشتۈرۈپ باغدا تەرجىمە خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلماقتا.

تەرجىمانلاردىن بىرى:

- ئۇستاز، «كەڭ جاھان» ، «كۆللى ئالەم» دېگەن جۈملىلەرنى «ۋەنشاڭ شىجيەن» ، «داشىجيە» دەپ ئېلىش ھەققىدە تالىشىپ قالدۇق، قايسىسى مۇۋاپىق كېلەر؟ - دەپ سورايدۇ.

كومىراجىۋا:

- ئەنەتكەك، توخرى تىللىرىنى چىن تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، مەنىنى لۇغەتتىن ئەمەس، بەلكى نەرسىدىن ئىزدىمەك لازىم. ئۇ قايسى نەرسىنى دېمەكچىلىكى ئېنىق بولسۇن. مەنچە «داچەن شىجيە» ( 大千世界 ) دېگەن سۆز چىنلىقلار تىلىدا «كەڭ جاھان» ، «كۆللى جاھان» دېگەن مەنىنى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەيدۇ، - دەيدۇ. باشقىلار قايىللىق بىلدۈرىدۇ.

كومىراجىۋا كېتىۋېتىپ بۇناتارا بىلەن تانىلوساغا:

- بىز ماھايانادىن يېتەرلىك تەرجىمە قىلدۇق. گەرچە ھىنايانا مەزھىپىدە بولمىساقمۇ، ھىنايانانىڭ بىر مۇنچە نوملىرىدا ناھايىتى مەنپەئەتلىك، تەمسىللىق خەلق ھېكايەتلىرى بار. كىچىكىمدە كەشمىردە «ئاگامىتىياتا» ، «سارۋاستىۋادا ۋىنايا» نوملىرىنى تەكرار ئوقۇغانلىرىم ئېسىمدە. بىز بۇلارنى بىرلىكتە تەرجىمە قىلىپ قويايلى، قانداق، - دەيدۇ.

- بارىكاللا! بۇ نوملاردا ئەدەب ۋە ئىنساپ يوللىرى مىساللار بىلەن بېشارەت قىلىنغان، - دەيدۇ ئۇلار.

80

كومىراجىۋانىڭ رىياسەتچىلىكىدە تالىپلارنىڭ تەھسىل - تەتقىقاتلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىنماقتا. زىڭ چاۋ (25 ياشلارغا كىرىپ قالغان) نىڭ «نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى» ناملىق ئەسىرى ئوقۇلىدۇ. ھەممە كىشى كومىراجىۋانىڭ باھاسىغا قاراپ تۇرۇشىدۇ.

كومىراجىۋا:

- تالىپ زىڭ چاۋ ئالدىمغا كەلگەندە ئون ياشتا ئىدى، مەن ئۇنىڭ ماھايانادا ئۇستازى، چىن تىلىدا شاگىرتى بولدۇم. مانا 15 يىل بىللە بولدۇق. ئۇ تۈركىي - ئەنەتكەك تىللىرىغىمۇ كامىل بولدى. زىڭ چاۋ ھازىر ئۇشبۇ ئەسىرى بىلەن ناگارجۇنا باشلىغان ئىشنى ماقامىغا يەتكۈزدى. بۇ ئەسەرنى «چاۋنامە» دېيىش مۇمكىن، - دەيدۇ.

ياندا ئاڭلاپ تۇرغان پادىشاھ ياۋشىن تۇيۇقسىزدىن:

- بارىكاللا! بۇ يۇقىرى باھا ۋە ئالىي ماقام، يەنىلا دۆلەت ئۇستازى كومىراجىۋا ئالىيلىرىنىڭ ئەجرى - تۆھپىسى ! - دەيدۇ. زىڭ چاۋمۇ:

- شۇنداق! ئۇستازىم بولمىغاندا، پېقىر زىڭ

چاۋمۇ نادانلىقتا قالاتتىم، ـ دەيدۇ.
كومىراجىۋا ھاياجانلىنىپ:
ـ رەھمەت شاھىم، كۆپ رەھمەت. زىڭ چاۋ يەنە «ھەقىقىي بولمىغان يوقلۇق». ناملىق ئىككىنچى كىتابىنىمۇ تاماملاشقا ئاز قالدى. مېنىڭ مىڭلارچە تالىپلىرىم بولسىمۇ چىن ئېلىدە سونياتا ـ يوقلۇق نەزەرىيىسىنى بىرىنچى بولۇپ چۈشەندۈرەلىگەن كىشى زىڭ چاۋ بولدى، ـ دەيدۇ..
ياۋشىن زىڭ چاۋغا سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ.
ئەتراپتىكىلەر مۇبارەكلىشىدۇ.

81

كومىراجىۋا داشى (تاش) بىھارىسغا مېڭىش ئالدىدا ھۇجرىسىدا كىيىم يەڭگۈشلەيدۇ. مېڭ شيەن ئۇنىڭغا يەكتەكنى كىيگۈزىدۇ.
كومىراجىۋا:
ـ مېڭ شيەن، مەن بۈگۈن داشى بىھارىسغا بارماقچىمەن. ۋاقتىم چىقسا ئەنجۈڭ بىھارىسغا بېرىپ بوناتارا ھەزرەت بىلەن سۆزلىشىپ كەلمەكچىمەن، ـ دەيدۇ.
ـ ئۇستاز، نېمە تائام ھازىرلىسام بولاركى؟
ـ دەپ سورايدۇ مېڭ شيەن .
ـ بۈگۈن ئارام ئېلىۋېلىڭ. غەربىي گۈزەردىن ئۆتسەم، بىرەر خورلار چايخانىسىغا كىرىپ چىقارمەن. ماڭا يۇرت تامىقىدىنمۇ كۆرە، ئۇنىڭ سازەندىلىرىنىڭ مۇڭلۇق نەغمىلىرى ياقىدۇ، ـ دەيدۇ كومىراجىۋا.
سىرتتىن غۇلام كىرىپ:
ـ هارۋا تەييار بولدى، ئۇستاز، ـ دەيدۇ.
كومىراجىۋا ئىككى قەپەزدىكى كەكلىككە قاراپ، مېڭ شيەنگە:
ـ ئۇ ئىككى ئاشىقنى يېقىن ئەكېلىپ، دان، سۇ بېرىپ قويۇڭ، ـ دەپ چىقىپ كېتىدۇ. مېڭ شيەن يەنە بىر قەپەزدىكى كەكلىكنى ئېلىپ كىرىپ بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىپ قويىدۇ.

82

كەچقۇرۇن.
كومىراجىۋا يالغۇز شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئېتىزلىقلارغا قاراپ ماڭىدۇ. يولدا ئوتۇنچىلار، كالىغا مىنىۋالغان ئوسمۈر ـ باللار، يېڭى ئورۇلغان كۆممىقوناقنى باغلاپ ئەپكەشتە كۆتۈرۈۋالغان دېھقانلار، خوتۇنلىرىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ئۆزى پىيادە كېتىۋاتقان ئەركەكلەر، كونا ئىشكى ئالدىدا غىجەك چېلىپ ئولتۇرۇشقان ياشانغانلار ئۇچرايدۇ.
كومىراجىۋا باللىق چاغلىرىنى ئەسلەيدۇ: مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سۇ بويىدا كوزا كۆتۈرگەن قاتار قىزلار؛ ئەتلەس ـ كىملەم تونۇۋاتقان قاتار جۇۋانلار؛ ئۆزىنىڭ تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينىغان چاغلىرى؛ دادىسىنىڭ جەسەت كۆلى قۇتىسىنى تۇتۇپ، ئانىسى ۋە يۇلتۇز بىلەن قەندەھار راھىبى يېنىدا تۇرغانلىقى؛ قاراقچىلارنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنلىكى؛ يەكەن (زەرەفشان) دەرياسى بويىدا مەشرەپ كېچىلىكىنى كۆرگەنلىكى؛ ئەينو ئاتىنىڭ سۆزلىرى؛ يۇلتۇزنىڭ ۋىدالىق زارى . . . مېڭ شيەن چېچىنى ئارچا شەكىللىك ياساپ ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرغىنىدا تويۇقسىز ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقى؛ مېڭ شيەننىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى قەپەزنى قويۇپ روھلىنىپ ئولتۇرغانلىقى؛ مېڭ شيەن تاماق قويۇپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغانلىقى . . . دەسلەپتە مۇڭلۇق، كېيىنچە جۇشقۇن مۇزىكا ساداسى بىلەن ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

83

كومىراجىۋا خىلۋەت بىر مەھەللىدىكى ۋەيرانە بۇتخانىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن راھىبنىڭ شۇنچە سوزۇق، ياڭراق، تەسىرلىك قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. كومىراجىۋا ئۇدۇل بۇتخانىغا كىرىدۇ. راھىب مېڭ ئاغا دەرھال قىرائەتنى توختىتىپ، كومىراجىۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ـ ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي، باياتىن ھەسەن ـ ھۈسەن چىققاندى. ئەسلىدىزە ئۇ ھەزرىتىمنىڭ بېشارىتى ئىكەن . . . ھەرھەمەت ھەزرىتىم، مەرھەمەت. سىلى پېقىر راھىبنى بىلمەيلا، پېقىر ھەر دورەم ئۆزلىرىنىڭ ۋەز ـ نۇتۇقلىرىنى تىڭلاپ، ئەسەر ـ تەپسىرلىرىنى ئوقۇيمەن. خوش قىلىپ . . . دەيدۇ تولىمۇ خۇش خۇيلۇق ۋە تەۋەززۇ بىلەن.
ـ باياتىنقى قىرائەت قاشتېشىدەك سوزۇك، ئالماستەك ئۆتكۈر ئاڭلاندى. شۇ خۇش قىرائەت ساھىبىنى زىيارەت قىلاي دەپ ئىبھراملىرىغا كېلىشىم. بولدى ـ بولدى، مالال بولمىسىلا! ـ دەيدۇ كومىراجىۋا. مېڭ ئاغا كومىراجىۋانى ئۆيىگە باشلاپ كىرىدۇ.

84

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا مېڭ ئاغىنىڭ ئايالى مېۋە ئېلىپ كىرىدۇ. كومىراجىۋاغا قاراپ:
ـ بۇ ئۆز بېغىمىزنىڭ شىزىسى، ئېغىز تېگىپ باقسىلا، ھەزرىتىم.. مەن ھازىرلا تاماقنى تەييار قىلىمەن، ـ دەپ چىقىپ كېتىدۇ.
كومىراجىۋا:
ـ كۆسەندە شاپتۇل، چاڭئەندە شىزى! ھا، ھا، ھا . . . ھەر ئىككىسى ئېسىل مېۋە، ـ دەيدۇ.

مېلىڭ ئاغا:

– ئۇستاز، «جۇملە – كالام سوترىسى» نى يەتتە خەتلىك نەزمە بىلەن شۇ قەدەر ياخشى تەرجىمە قىلدىلىكى، ئوقۇغانسېرى قەلبىمىز راھەت، ئەقلىمىز پاراسەتتىن يايراپ كېتىدۇ. ئىلگىرىكى تەرجىمىلەرنىڭ سۆزى بىرچىدەك تۇرسىمۇ، بىرگە غەيرىي تۇيۇلاتتى. جۇملىلىرى ياسالمىدەك قىلاتتى. ئۇستاز، ئۆزلىرى «جۇملە – كالام سوترىسى» نى يەتتە خەتلىك بېيىت شەكلىدە تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، بەش خەتلىك نەزمە بەھىرلىرى يەتتە خەتلىك ھېكمەت شېئىرىيەت بىلەن تېخىمۇ تېرەن، تېخىمۇ راۋانلاشتى .... – دەيدۇ.

مېلىڭ ئاغىنىڭ ئايالى كۆسەنچە تائام – ئەشمە (لەغمەن) ئېلىپ كىرىدۇ. ئاندىن زىخ كاۋاپ بىلەن مەي قويىدۇ.

كومىراجىۋا ھەيرانلىق بىلەن:

– مېلىڭ ئاغا، بۇ بىزنىڭ ئەشمە لەغمەنغۇ؟ ئۆزلىرى ياكى ئاغىچىلىرى كۆسەندە تۇرغانمۇ؟ پاھ، بۇ زىخ كاۋاپچۇ؟ ..... – دەپ سورايدۇ.

مېلىڭ ئاغىنىڭ ئايالى يوپۇتۇپ:

– بۇ تاماقنى مەن ... مەن ... پىقىر ئۆزۈم ... – دېگۈچە مېلىڭ ئاغا:

– خوتۇن! ھەزرىتىمدەك ئۇلۇغلارغا يالغان گەپ قىلغىلى بولمايدۇ. قىزىم ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ تائاملارنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلىدى. ئۇ يەنە بەربابمۇ چېلىپ بېرىدۇ تېخى، – دەۋېتىدۇ. كومىراجىۋا:

– قىزلىرىنىڭ ئىسمى شەرىپى كىم بولىدىكىن؟ – دەيدۇ.

– ھا، ھا، ھا، بۇ مەخپىي! – دەيدۇ مېلىڭ ئاغا.

– ھە، مۇنداق دېسىلە، – دەيدۇ كومىراجىۋا سەل بوشىشىپ. ئارقىدىنلا، – بۇ مەينى ئىچەمدۇق؟ ياق، ياق. مەن ئۇزۇن يىل بولدى مەي – شاراپ ئىچمىگىلى، – دەيدۇ.

– ئىچمىسىز! كەمبەغەلنىڭ مېيى كۆڭۈلنى روشەنلەشتۈرىدۇ، – دەيدۇ مېلىڭ ئاغا.

– ياق، مەن قويۇپ بېرەي، ئۆزلىرى ئازراق ئىچسىلە، – دەيدۇ كومىراجىۋا.

– يوقسۇ ھەزرىتىم، مەن ساھىبخان، ئۆزلىرى مېھمان. ئىچسەك بىللە ئىچىمىز. ھە، يەنە بىر مەخپىيەت بار، – دەيدۇ مېلىڭ ئاغا.

– نېمە مەخپىيەت؟ – قىزىقىپ سورايدۇ كومىراجىۋا.

– بۇ كۆسەننىڭ مېيى! – دەيدۇ مېلىڭ ئاغا.

– كۆسەننىڭ؟! – دەپ ھەيران بولىدۇ كومىراجىۋا.

– ئۇستاز ئالدىدا يالغان ئېيتماق گۇناھ! بۇ ئەسلى كۆسەننىڭ مېيى. ئۇنىمۇ قىزىم «ساقلاپ قوي» دەپ بەرگەنىدى، – دەيدۇ مېلىڭ ئاغا.

– بولدى، بولدى! مەي غەمنى تازىلايدۇ. بۈگۈن كۆسەن كاۋىپى بىلەن كۆسەن شارابى بەزمىسى قىلىدىغان بولدۇق، قېنى ئىچەيلى، – دەيدۇ كومىراجىۋا.

– يەنە بىرسى كەم قالدى –، دەيدۇ مېلىڭ ئاغا.

– شۇ تاپتا بىزگە يەنە نېمە كەم، مېلىڭ ئاغا؟

– دەيدۇ كومىراجىۋا.

–كۆسەن راۋىپى! – دەيدۇ مېلىڭ ئاغا.

– بەللى، بەللى! – دەيدۇ مەينى ئىچىپ كومىراجىۋا.

مېلىڭ ئاغا ئىچكىركى قورۇغا قاراپ ۋارقىرايدۇ:

– شيەن شيەن، بەربابنى ئېلىپ چىق.

ئۆيگە مېلىڭ شيەن كىرىپ كېلىدۇ ۋە سالام بېرىدۇ. كومىراجىۋا ھەيران بولۇپ:

–ھە؟ بۇ مېلىڭ شيەنغۇ! سىز مېلىڭ ئاغىنىڭ قىزىمۇ؟ – دەپ سورايدۇ. مېلىڭ شيەن باش لىڭشىتىدۇ. كومىراجىۋا:

– مەن ئۆيىڭىزنىڭ بۇنچە يېقىنلىقىنى بىلمەپتىمەن. بەرباب چالىدىغانلىقىڭىزنى باشتىراق ئېيتسىڭىزچۇ .... – دەيدۇ.

مېلىڭ ئاغىنىڭ ئايالى باشقا تائاملار ۋە قورۇمىلارنى ئېلىپ كىرىدۇ. مېلىڭ شيەن بەربابتا كۆسەنچە بىر پەدە سازچالىدۇ.

– قالتىسقۇ! تاماقمۇ، كاۋاپمۇ، شارابمۇ، بەربابمۇ كۆسەنچە بولسا. ھا، ھا، ھا .... – دەيدۇ كۆڭلى يايراپ كومىراجىۋا. سازدىن كېيىن ئۇ:

– مەن قۇتلۇق نومدىن خۇش قىرائەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ بوسۇغىلىرىغا دەسسىگىنىمدە كۆڭلۈمگە ئىككى مىسرا بېيىت كەلگەنىدى، ھازىر يەنە قالغان ئىككى مىسراسى كەلدى. ئۇنى ھۆرمەتلىك باقشىم ئۆزلىرىگە ئاتىدىم، – دەپ نەزمە ئوقۇيدۇ:

يېتىشتى ئېپپەتۇ دانابىلىك بابىدا سىز زەركان.
تاراتقان مۇشكىڭىز پۇتمەس جاھاندا ئۇتسە مىڭ دەۋران.
بولۇپ ئاقۇ پىغان چەككەن بىلەن تەنھا چىنار ئۆزرە.
سۆزۈك ئاۋازىڭىزدىن لەرزە قىلدى يەتتە قات ئاسمان

مېلىڭ ئاغا، ئايالى ۋە مېلىڭ شيەن: «ئاپىرىن»

www.uyghurkitap.com

، «رەھمەت» دېيىشىدۇ. مېلى ئاغا:

- تېرەن ئەقىللىرى بىلەن مېنىڭ تەنها چىناردىكى ئەقىدەم ۋە خارلىقىمنى ئەزىز بىلىپ، ئاڭا بەرگەن بۇ يۈكسەك باھالىرىغا مىڭ رەھمەت!

- دەپ كۆز يېشى قىلىدۇ.

كومىراجىۋا:

- كۆن قايرىلدى، مەنمۇ كۆلبەمنى تېپىۋالاي، - دەيدۇ ئۆزرە بىلەن.

مېلى ئاغا:

- كامالەت ماقامىغا يەتكەن پىرى ئۇستاز، قىزىم شيەن شيەننى ئۆزلىرىگە تۇتتۇم! ئۆمۈرۋايەت تەلىملىرىنى ئېلىپ، ئەمىرلىرىدە بولسۇن! - دەيدۇ تىزلىنىپ. ئايالى ۋە مېلى شيەنمۇ يۈكۈنىدۇ، كومىراجىۋا ئۇلارغا رەھمەت ئوقۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ ۋە:

-قېنى، كەتتۇق! ھە، بەربابنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ مېلى شيەن، - دەيدۇ. مېلى ئاغا ۋە ئايالى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالىدۇ.

خۇش كەيپ ھالەتتىكى كومىراجىۋا مېلى شيەننىڭ يۆلىشى بىلەن ئايدىڭدا ئېتىز قىرلىرى بىلەن مېڭىپ ھۇجرىسىغا قايتىدۇ.

85

كومىراجىۋا ۋە مېلى شيەن ھۇجرىسىغا كېلىشكە پېشايۋاندا تۇرغان پادىشاھ ياۋشىن بىلەن خانىشنى ۋە توققۇز قىزنى كۆرىدۇ. ياۋشىن:

- مانا ئۇستازىمۇ كېلىپ قالدى، - دەپ سالاملىشىدۇ.

- ئالىيلىرى بىلەن خانىشنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتكەندە بىخەستەلىك قىلىپتىمەن، - دەيدۇ كومىراجىۋا.

مېلى شيەن سالام بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

- ھەزرەتلىرى، ئۆزلىرىدەك ئاقىل، نادىر پىرى ئۇستاز ئالەمگە مىڭ يىلدا بىرەر قېتىم كېلىدۇ. غاپىل كىشىلەردەك مەنمۇ بىغەملىكتە ئۆتۈپتىمەن. خانىش بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل نەسلى ئالەمگە تارالسۇن، ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، ئەل زېھنىي ساپا تاپسۇن دەپ، خورلار ئادىتى بويىچە قىزلىگۈلدەك گۈزەل ئۇشبۇ توققۇز قىزنى «توققۇزى تەل بولغاي» دەپ ئەمىرلىرىگە ئېلىپ كەلدۇق، ئۇلارمۇ رازى - رىزا، - دەيدۇ پادىشاھ ياۋشىن.

خانىشمۇ رازىمەنلىك بىلەن سۆز قوشۇپ، پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلايدۇ. ھۇجرا ئىچىدە مېلى شيەن قاپىقىنى تۈرۈپ بولۇنغان سۆزلەرنى تىڭشايدۇ.

- بۇ، بۇ . . . ھاجەت ئەمەستىغۇ! - دەيدۇ كومىراجىۋا ھەيران بولۇپ.

- ھەركىم ئۆز قەدرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇزاق بويتاقلىق ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر ئازاب. مۆھىمى ئۆزلىرىدەك دانايى ساھىبقىراننىڭ نەسىل - نەسەپ قالدۇرغانلىرى ئاۋامنىڭ بەختى! بولسا كۆڭلىمىزنى قايتۇرماي، ئىلتىپاتىمىزنى قوبۇل قىلغايلا! - دەيدۇ.

كومىراجىۋا:

- «توققۇزى تەل» بىزنىڭ سۆزىمىز. «ئونى تولۇق، ئونى گۈزەل» چىنلىقلارنىڭ سۆزى. (يانغا قاراپ) مېلى شيەن، مېلى شيەن، - دەپ چاقىرىدۇ. مېلى شيەن كىرىپ، سالام قىلىپ ئېگىلىپ تۇرىدۇ. كومىراجىۋا، - مانا مېلى شيەن بىلەن ئون بولدى، «ئونى تولۇق، ئونى گۈزەل» دېگەن شۇمىكى؟ - دەيدۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش: «شۇنداق، شۇنداق» دېيىشىدۇ. ياۋشىن:

- بەزمە كېچىدە ياخشى. قېنى، سارايدا كەچكى بەزمە قىلايلى، - دەيدۇ. ئۇلار سارايغا ماڭىدۇ.

86

ياۋشىننىڭ ھەرىمىدە كەچكى بەزمە ئەۋجىگە چىقىدۇ. بەزمىدە مېلى شيەن مەركەز قىلىنغان 10 قىزنىڭ كومىراجىۋاغا ساغلاملىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرتىلىگەن ئۇسسۇلى ئوينىلىدۇ.

87

كومىراجىۋانىڭ كىتابخانىسى.

زىل چاۋ، خۇي گۇەن قاتارلىق تالىپلار بىلەن كۆسەنلىك راھىب تانمالوسا كومىراجىۋانىڭ خۇشخەتلىك نەزمە يېزىۋاتقانلىقىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرىدۇ. بىرىنچى كۇپلېتنى زىل چاۋ ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇپ تامغا يېپىشتۇرىدۇ

«تۇنجى تەمسىلنى ‹يوقلۇق›، تىن ئەيلەدىم مەن ئىپتىدا

تەبىرى ئالەم ئۈچۈن تەمسىل بۇ يوقلۇق جايىدا.

سۆزبىلەنھەرمەنىنىقىلماقمۇئىزھارقانچىلىك،

مەنىمۇ چەكسىز ئەمەس، ئۆمۈتۈگەر بىر ۋاقتىدا.»

كومىراجىۋا ئىككىنچى كۇپلېتنى يازىدۇ. ئۇنى خۇي گۇەن ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇپ تامغا يانداپ چاپلايدۇ:

«ئەۋلىيالىق تون كىيىپ، دەرۋىش بولۇپ باسسالى قەدەم،

كۆرۈنۈپ تۇرغان قونالغۇ بولمىغاي دەرگاھ ساڭا.
جىلۋىلىك تۇرغان جاھاننىڭ تەكتىگە سالساڭ نەزەر،
ھادىسى ئالەمدە يوق ھەربات ۋە يا بولماق بىنا.»

تانىمالۇسا:

— پاھ، پاھ، سۇنياتا — يوقلۇق تەلىماتىنى يەكۈنلىگەن سەككىز مىسرا، — دېيىشى بىلەن پادىشاھ ياۋشىن رەسسامنى باشلاپ كىرىپ، سالاملاشقاندىن كېيىن تامدىكى نەزمىلەرگە نەزەر سېلىپ زوق بىلەن ئوقۇپ، نەزمىدىكى:

«تەبىرى ئالەم ئۆچۈن تەمسىل بۇ يوقلۇق جايىدا»
«كۆرۈنۈپ تۇرغان قونالغۇ بولمىغاي دەرگاھ ساڭا»
«ھادىسى ئالەمدە يوق بەربات ۋەيا بولماق بىنا»

دېگەن مىسرالاردىكى قالتىس پاساھەتنى ماختاپ:

— ناگارجۇنائەۋلىيانىڭ پۈتۈن سوترىلىرى مۇشۇ سەككىز قۇرغا سىغدىلىپتۇ! كاتتا ماھارەت، كاتتا ماھارەت، — دەيدۇ ۋە رەسسامغا قاراپ، — قانداق ئېسىل خۇش خەت — ھە! — دەيدۇ.

رەسسام:

— «خەتنىڭ شەكلى ئالەمنىڭ شەكلى، جۈملىنىڭ مەنىسى كائىناتنىڭ ئەسلى» دېگەن مانا شۇ! — دەيدۇ.

ياۋشىن:

— ئەزىز ئۇستازنىڭ رەسىمى داشى بىھارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن سىزىلغانىدى. رەسسام ئۇنى ئۇستازغا كۆرسەتكىلى كەلدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ نەزەر سېلىپ، ئەۋەنلىرى بولسا دېيىشسىلە، — دەيدۇ.

رەسسام رەسىمنى ئېچىپ تامغا ئاسقاچ:

— پېقىر ناقابىل بولسامۇ مۇشكۈل ۋەزىپە بىلەن بۇ رەسىمنى سىزدىم، ئۇنى ياغاچقا چۈشۈرۈپ داشى بىھارىسىغا قويماقچى، — دەيدۇ.

كومىراجىۋا كۈلۈپ تۇرىدۇ. زىڭ چاۋ:

— ئۇستازنىڭ قەلبى مۇشۇ سەككىز مىسرادا گەۋدىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ سۈرىتى — شەكلى رەسىمدە جۇلالىنىپتۇ. ئوخشاپتۇ، ئوخشاپتۇ، — دەيدۇ. باشقىلارمۇ: «ئوخشاپتۇ، كۆڭلىمىزدىكىدەك چىقىپتۇ» دېيىشىدۇ.

88

كومىراجىۋا دىڭشۇەنتاڭ ئىبادەتخانىسىدا «ماھاپىراجىناپارامىتا سوترا» تەپسىرى ئۇستىدە سۆزلەيدۇ. مىڭلىغان ئالىم، راھىب ۋە مۇخلىسلار ئۇنىڭ نۇتقىنى زوق ۋە ئىختىراس بىلەن تىڭشايدۇ.

— ئازابلىق قىرغاقتىن نىرۋانا ساھىلىگە چىقىشنىڭ تۈپ يولى ئەقىل يولىدۇر. ئەقىل نادانلىقنى يەڭگۈچى بىرىنچى قەھرىمان. نادانلىق ئۆزلۈكتىن بولغاندەك، ئەقىلمۇ ئۆزلۈكتىندۇر. ئەقىلنىڭ نادانلىقنى يېڭىشى ئۆگىنەك، پىكىر قىلماق، ئىستىقامەتتىن ۋۇجۇدقا چىققاي . . . (كومىراجىۋا سۆزلەۋېتىپ بىردىن تىنالماي يېقىلىدۇ) ھەممە بىسەرەمجان بولىدۇ. زىڭ چاۋ كومىراجىۋانى يۆلەيدۇ. داۋسىنىڭ لىبكسىيە تىڭلىغۇچىلارغا ھۇزۇر ئېيتىپ ئۇلارنى يولغا سالىدۇ.

89

كۈز. شىياۋياۋ بېغى. كومىراجىۋانىڭ ھۇجرىسى.

كومىراجىۋا تۆشەكتە ياتىدۇ. ئوردا تېۋىپى ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتىدۇ. مىڭ شيەن بىمارلىقتا قاينىتىلغان دورىنى ئىچۈرىدۇ.

پادىشاھ ياۋشىن كىرىدۇ. ھەممە قوزغىلىدۇ. كومىراجىۋا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تۇرالمايدۇ. ياۋشىن قوزغالماسلىققا شەرەت قىلىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ:

— ئادەم دېگەن كېسەل بولىدۇ، ئەملىنىدۇ ساقىيىدۇ. مۇخلىسلار قاچان «ماھاپىراجىنا پارامىتا سوترىسى» دىن ھېكمەت ئاڭلايمىزكىن، دېيىشىپ تاقەتسىزلەنمەكتە. بۇ ھېكمەتنامىمۇ ئۇستازنىڭ لەۋزى مۇبارەكلىرى بىلەن سۆزلىنىدۇ، — دەيدۇ. كومىراجىۋا:

— ئەمدى ھېكمەتنىڭ داۋامىنى مەن ئەمەس، ئىنىم زىڭ چاۋ سۆزلەيدۇ، — دەيدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا تۇرغانلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. ياۋشىن:

— يۈنگاڭ تاشكېمىرلىرى قېزىلىپ بىر قانچە غار تولىمۇ گۈزەل ياسىلىپتۇ. لوياڭدىكى «ئاق تۇلپار» ئىبادەتخانىسى ئالدىغا كۇسەندىن كەلتۈرۈلگەن ئانار بىلەن ئۈزۈم كۆچىتى تىكىلگەنىدى، شۇنداق ئوبدان تۇتۇپ ئىبادەتخانىغا ھۆسن قوشۇپتۇ. ئۇ يەردىكىلەر ئۇستاز بىلەن پېقىرنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ كېلىشتى. (ئوردا تېۋىپىغا قاراپ) ئۇستاز تېزرەك شىپالىق تاپسا، ئۇ يەرلەرگە بىللە بېرىپ سەيلە قىلساق بولاتتى، — دەيدۇ.

كومىراجىۋا كۈلىدۇ ۋە ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن «ئالەم ھەقىقەتلىرى» نامىلىق كىتابنى ئېلىپ ياۋشىنغا سۇنىدۇ ۋە:

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرى بىلەن يۈنگاڭ ۋە «ئاق تۇلپار» ئىبادەتخانىلىرى مەنزىرىسىنى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شاگىرتلىرىم بىلەن يۇرتۇم كۆسەننى كۆرۈش، يەنە نۇرغۇن نومۇلارنى تەرجىمە قىلىش، ماھايانا ھېكمەتلىرىنى يىراق جابىرغا ئېلىپ (ياپونىيىگە) ئېلىپ بېرىش نىيىتىم بار ئىدى. . . (يۇتىلىدۇ) شۇنداق قىلسام، تېنىم كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ تىلىم كۆيمەس - چىرىمەس ئىدى. نېمە چارە؟ بۇ كىتابنى ئۆزلىرىگە ئاتاپ يازغانىدىم . . .

(كىتابنى بېرىدۇ، ئاندىن ياۋشىننىڭ قولىنى تۇتۇپ) بۈگۈن سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى - ھە، - دەپ نەزم ئوقۇيدۇ:

شۇنچە پەرقلىق بولسىمۇ ئەسلىدە ئەھۋالاتىمىز،
ھېكمەتى قىسمەت تۇپەيلى بىرگە بولدى زاتىمىز.
كەلسىمۇ گەر ئېيتقۇسىز غەملەر ۋىدالىق دەستىدىن،
ئۆزگە ئالەمگە سەپەر قىلماققۇ مەشغۇلاتىمىز.

ئۇ نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ جان ئۈزىدۇ.

ھەممە: «ئۇستاز!»، «پىرى ئۇستاز!» دېيىشىپ قالىدۇ. مېڭ شيەن ۋە باشقا قىزلار يىغلىشىدۇ.

90

چاڭئەن. 413 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

شەھەر ھازا تۇسىگە كىرگەن بولۇپ، بۇرغىلار ماتەم كۈيىگە چېلىنىدۇ. پادشاھ ياۋشىن ۋە ئەمىر - ۋەزىرلەر، كومىراجىۋانىڭ دوستلىرى ۋە مۇلازىملىرى، مېڭ شيەن باشلىق قىز - كېنىزەكلەر، تالىپلار، جەسەت كۆلى قۇتىسىنى كۆتۈرگەن زىڭ چاۋ قاتارلىق ھازىدارلار ماتەم كىيىمى بىلەن چوڭ كوچىدىن ئۆتىدۇ.

- پادشاھ ياۋشىن:

- پېقىر، ئۇستاز كومىراجىۋانى ئىلاھتەك ئۇلۇغ كۆرەتتىم. ئۇ ئەقىل ساھىبى، دۆلەت گۆھىرى ئىدى، - دەيدۇ.

زىڭ چاۋ:

- ئۇستاز كومىراجىۋا «يۈز تەلىم» نى يۈرىكىدەك قەدىرلەيتتى، ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كۈيلەيتتى، - دەيدۇ.

داۋسىڭ:

- ئەس - يادى مۇھاكىمىدە ئىدى. «ماھاپىراجىناپارامىتاسوترىسى» نى يېنىدىن ئايرىمايتتى، - دەيدۇ.

مېڭ ئاغا:

- خاراكتېرى ئالىيجاناب زات ئىدى، - دەيدۇ.

تانمالوسا:

- ئەقىل - ئىدراكى چەشمە - بۇلاق، تەپەككۇر قۇدرىتى ئالەمسىياق ئىدى، - دەيدۇ.

91

ئېكراندا: كومىراجىۋانىڭ تۇغۇلۇشى، دادىسى دىنىي مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەنلىكى، كەشمىردە مەكتەپنى تاماملىشى، سۇللى سوما ۋە سۇللى باھادىرا بىلەن خوشلىشىشى، شىر پۈتلۈق تەختتە ھېكمەت سۆزلىشى، لۈي گۇاڭ قوشۇنى بىلەن سەپەرگە چىقىشى، زىڭ چاۋنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىشى، دىڭشۈەنتاڭ ئىبادەتخانىسىدا نۇتۇق سۆزلىشى ئەسلىمە شەكلىدە كۆرۈنىدۇ.

## خاتىمە

1994 - يىل سېنتەبىردە كۇچا - قىزىل مىڭئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن كومىراجىۋا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1650 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە كومىراجىۋا مىس ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىدىكى تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشنىڭ ئۈستىگە ئاپتور، ئىلمىي مەسلىھەتچى، بەدىئىي مەسلىھەتچى، رېژىسسور، ئەدەبىي تەھرىر، كومپوزىتور، ئوپېراتور ۋە رولچىلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى خەتچە چۈشۈرۈلىدۇ. M1

1994 - يىل 30 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



# قەدىمكى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى ئۇچۇرى





ئەمەتجان ئەھمىدى

## مۇقەددىمە

«سۈي سۇلالىسىنىڭ توققۇز نەغمىسىنىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10 نەغمىسىنىڭ تولىسى غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ئىدى.»

- ماۋزېدۇڭ

ھاياتنىڭ ئىپادىلىگىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھاياتنىڭ دەل ماھىيىتى - ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەسلى زاتى بولىدىغانلىقى يىمىرىلمەس ھەقىقەت. ئەقىل - پاراسەت مەلەكىسى ئۆتكۈر مېڭە بىلەن باي تۇرمۇش جۇغلانمىسىنى ئىپادىلىگەندەك، يېتىلگەن سەنئەتمۇ روناق مۇھىت بىلەن مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنىڭ شېرىن مېۋىسى ئىكەنلىكىدە شۇبھە يوق!

قەدىمكى جاھان مەدەنىيەت قانىلى - يىپەك يولىدىكى ئەپسۇنكار مەدەنىيەت ئاستانىسى - كۇسەن ئېلى - شەرقتە «ساماۋىي كۈي»، غەربتە «جەزبىكار نەغمە» دەپ شۆھرەتلەنگەن كۇسەن مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئانا بۆشۈكى ۋە ئالەمگە تارقىلىش بۇلىقى ئىدى. بۇ بۇلاق ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىل ياڭرىغان فولكور مۇزىكىلىرىغا كلاسسىك كامالەت، ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇرىغا مىلودىك تۇس بېغىشلىدى.

تاڭ سۇلالىسى زاماندا كۇسەن مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىغان مەلۇم بىر شائىر تەئەججۇپكە چۆمۈپ:

«ئەرشكىلا لايىق ئىكەن بۇ نەغمىلەر ئەسلى پەقەت،
ئاڭلىنىپ قالغاي زېمىنگە ئانچە - مۇنچە نەچچە رەت.»

## ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

www.uyghurkitap.com

دەپ يازغان. «ئەرش»، «ساماۋىي» ئىبارىلىرى ئەڭ مۇقەددەس قۇتلۇق نام ھېسابلانغان ۋە پەرغانە ئاتلىرى «ساماۋىي ئات»، پەرغانىغا يول تۇتقان سانغۇن «ئەرش (كە ماڭغان) سانغۇن» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت چەمبىرى ئۈچۈن كۇسەن مۇزىكىلىرى ھەقىقەتەن «ئەرش مۇزىكىسى»، ئۇنىڭ چاڭئەن ـ لوياڭلاردا قىسمەن ئورۇندىلىشى «زېمىنگە ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلىنىپ قالغانلىق» تۇيغۇسى پەيدا قىلغانىدى. ئېلىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ھېچبىر مۇزىكا، جۈملىدىن ھازىرقى ۋىنا مۇزىكا شۆھرىتىمۇ «ئەرش مۇزىكىسى» سۈپىتىدە تەرىپلەنمىگەن. مانا بۇ «ئەرش مۇزىكىسى» دەل ئۇنى ياراتقان قۇتلۇق دىيارنىڭ مۆجىزىلىك مېۋىسى ئىدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، سۈي (581 ـ 618)، تاڭ (618 ـ 908) سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئېۋىرغول (قۇمۇل)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) مۇزىكىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكا مەدەنىيىتىگە بىۋاسىتە سىڭىپ كىرىپ، سۈي ـ تاڭ ئوردىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك توققۇز ۋە ئون قىسىملىق مۇزىكا تىزمىسىنى پەيدا قىلغان ۋە ئۇنىڭدا غوللۇق ئورۇن تۇتقانىدى.

«غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى» ـ كۇسەن مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى، ئېۋىرغول مۇزىكىسى، سۇلى مۇزىكىسى، ئۇدۇن مۇزىكىسى بىلەن «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى مۇزىكىسى» ـ بۇخارا مۇزىكىسى، سەمەرقەند مۇزىكىسى، شەش (تاشكەنت) مۇزىكىسى، شەھرى سەبز مۇزىكىسى قاتارلىقلار، جۈملىدىن «شىمالىي دىغار مۇزىكىلىرى» كۆيشۇناسلىق قانۇنىيىتىدە كۇسەن كۆيشۇناسلىقىنى، تاۋۇش تەكشەشتە كۇسەننىڭ ئەگرى ساپلىق بەربابىنى، مۇزىكا خاتىرىلەشتە كۇسەن نوتىلىرىنى ئاساس قىلاتتى. يازما مەنبەلەر ياكى دۇنخۇاڭ بىلەن كىيوتودا ساقلانغان غەربىي دىيار مۇزىكىلىرىنىڭ ھازىرقى نوتىغا كۆچۈرۈلگەن ئەينى زاماندىكى نوتىلىرى ئۇستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەر قايسى يەرلىك مۇزىكىلارنىڭ يەنىلا ئاشۇ «ساماۋىي نەغمە» ـ كۇسەن مۇزىكىلىرىنى ئۇق يىلتىز قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

قەدىمكى كۇسەن مۇزىكىسىنى كۆيشۇناسلىق ئاساسى قىلغان ئىدىقۇت مۇزىكىسى، ئېۋىرغول مۇزىكىسى، بەشبالىق مۇزىكىسى، سۇلى مۇزىكىسى، ئۇدۇن مۇزىكىسى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان قەدىمكى غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى تۈركۈمى ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تارىخىي مەنبە ـ ئېقىنلىرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىدا ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ كۇسەن نەغمىلىرىنى ئۆزەك قىلغان قەدىمكى باي مۇزىكا ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا قوشنا خەلقلەرنىڭ ئېسىل مۇزىكا جەۋھەرلىرىگە ئىجادىي يانداشىپ، تەدرىجىي ھالدا بۈگۈنكى شانلىق «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى ياراتتى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ـ نوقۇل ھالدىلا مەلۇم دەۋر ۋە مەلۇم كىشىلەرگە مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىجادىي مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى ۋە كۆپ تارىخىي قاتلاملىق مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، «كۇسەن مۇزىكىسى» ئۆزىنىڭ ئىچكى تۆھپىسى جەھەتتىن ئالغاندا، دەل مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇزىكا مەدەنىيىتى بىناكارلىقىغا ئاساس سالغان جاۋاھىراتلىقى، تاشقى تۆھپىسى جەھەتتە شەرق ـ غەرب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ يېتىلىشىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنلىكىدە ئىپادىلەندى.

## 1. كۇسەن ـ خاسىيەتلىك ماكان

«كۇسەن ـ يىپەك يولىدا كىشىنى ھەممىدىن جەلپ قىلىدىغان شەھەر ئىدى.»

ـ چەنداۋشىنى

كۇسەن ـ ئەينى زامان مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان شۆھرەتلىك نام، ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت بۆشۈكىنىڭ نۇرانە سىماسى ئىدى. بەزى ئالىملار كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ نامىنى «قوش خان» دەپ ئىزاھلىسا، يەنە بەزىلىرى شۇ سەلتەنەت نامىنى كۇسەن نامىدىن ئىلھاملىنىپ ئاتىغان، دەپ قاراشماقتا. دەرۋەقە، كۇسەن ئەينى زاماندا غەربىي دىياردىكى تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى يۇقىرى، تىپىك بوستان شەھەر ـ قەلئە ئېلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە غەربىي دىياردىن ھالقىغان خەلقئارا سودا ـ تىجارەتنىڭ جاھانشۇمۇل كاتتا بازىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ شۆھرەتلىك ئاستانىسى ئىدى.

كۇسەننىڭ ئىسمى «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «تاڭنامە»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، «تاغ ـ دەريالار قىسسىسى» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخنامىلەردە جيۇسى ( 鸠兹 )، چيۇسى ( 屈兹 )، گۇيسى ( 归兹 )، چيۇسى ( 丘兹 )، چۇسى ( 龟兹 ) دەپ تۈرلۈكچە يېزىلغان بولۇپ، بۇلار كۇسەن ـ كۇچانىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاھاڭ تەلەپپۇزى ئىدى.

كۇچا ـ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىر (غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى) دە خەن سۇلالىسى يىلنامىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى 36 شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

«كېيىنكى خەننامە» دا: «خەن خىدىنىڭ يۇڭيۈەن 3 ـ يىلى (91 ـ يىلى) غەربىي ئەللەر دورغابېگى بەن چاۋ ① بىرىنچى

قېتىم ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كۇسەننى ئىشغال قىلغاندا، كۇسەن خانى يۇلىدو ( 尤利多 ) نى خانلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ، كۇسەن خانىنىڭ خەن خاندانلىقى ھوزۇرىدىكى تۇرغاق (بارىمىخان) ئوغلى بەي با ( 白霸 ) نى خان قىلىپ تىكلىگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يازما خاتىرىلەر بىزگە كۇسەننىڭ مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىدا مەيدانغا كەلگەن تىنچلىقپەرۋەر، مەدەنىيەتپەرۋەر شەھەر - قەلئە بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ماۋرا - ئۇننەھر، خوراساندىن، خۇاڭخې ۋادىسىدىكى كاتتا قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن زادىلا كېيىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

658 - يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 640 - يىلى يارغولدا قۇرغان «ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى» نى كۇچاغا كۆچۈردى. مۇشۇ سەۋەبتىن كۇچا شەھىرى يەنە «ئەنشى» ( 安西 ) دەپمۇ يېزىلدى.

قەدىمكى كۇسەننىڭ چېگرىسى «شىمالدا تەڭرىتاغلىرى بىلەن ياندىشىپ، جەنۇبتا قارا قورۇم تاغلىرى بىلەن بېقىشىپ تۇرىدۇ، غەربتە قەشقەر بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، بارچۇق (مارالبېشى) تىكى تۇمشۇق ئۇنىڭ غەربىي چېگرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەرقتە ئاگىنى (قارا شەھەر) بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، چېگرا كورلا بولغان. تارىم دەرياسى كۇچانىڭ جەنۇبىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. كۇچا ئېلى بىلەن ئۇنىڭ قوشنىسى بولغان ئۇدۇن (خوتەن) نى تەكلىماكان قۇملۇقى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئوت - سۇيى مول، شەھەرلىرى قاتار كەتكەن كۇچا ئېلى غەربىي دىياردىكى 36 شەھەر - قەلئەلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى بۈگۈر، كۇچا، شايا، باي، ئاقسۇ، توقسۇلاردىن ئىبارەت ئالتە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ مەركىزى كۇسەن ئىدى.» ②

لۈي گۇاڭنىڭ 382 - يىلى كۇسەنگە قىلغان چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ كۇسەن يەنىلا تېزلىكتە ھالىغا كېلەلىدى ۋە قايتا گۈللىنىشكە قەدەم قويالىدى. بۇنى كۇسەننىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ئىقتىدارىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىز لۈي گۇاڭنىڭ كۇسەنگە ھەربىي ھالاكەت سالغانلىقى ۋە كېيىن كۇسەننىڭ قايتا گۈللەنگەنلىكىنى شۈەنجۇاڭنىڭ كۇسەن ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

«كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 958 - جىلدىدا: «ئالدىنقى چىن زامانىدا، لۈي گۇاڭ ③ غەربىي ئەللەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. كۇچا خانى شەھەرنى تاشلاپ چېكىندى. لۈي گۇاڭ شەھەرگە كىردى. شەھەر سېپىلى ئۈچ قات بولۇپ، تاشقارقىسى چاڭئەن سېپىلى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. ئۆي - ئىمارەتلىرى ھەيۋەت، گۈزەل، ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن، قاشتېشى بىلەن زىننەتلەنگەن » دەپ خاتىرىلەنگەن.

«شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 95 - جىلدىدىكى «لۈي گۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «پادىشاھ فوجيەن لۈي گۇاڭنى شىرمەت سانغۇنلۇققا تەيىنلىگەن. ئۇ 70 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ غەربىي ئەللەرگە جازا يۈرۈشى قىلدى. . . ئۇ كۇچادىن 20 مىڭ ئۇلاقتا ھەرخىل زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن دىرامچىلار، سەنئەتچىلەر، ھەرخىل ھايۋانات نەمۇنىلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، 3 -، 4 - ئەسىرلەردە كۇسەن ناھايىتى باي دۆلەت بولغان. بۇ پەقەت شەھەرنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى، سارايلىرىنىڭ كۆركەملىكى ۋە خانىنىڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ پاراۋانلىقى جەھەتتىمۇ ئەكس ئەتكەن.

«ئۇلۇغ تاڭ دەۋرى سىئەن ئىبادەتخانىسىنىڭ شۈەنجۇاڭ مۇدەررىسلىرى تەزكىرىسى» دە: «شۈەنجۇاڭ ④ كۇسەن دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ پايتەختىگە يېقىنلاشقاندا، خان ئەمەلدارلىرى ۋە پازىل راھىب موكشاگوپتا (Mokshagopta) بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان. بۇندىن باشقا يەنە نەچچە مىڭلىغان راھىبلار شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئالدىدا شۈەنجۇاڭنى تەخترىۋانغا سېلىپ ئايلاندۇرغان ۋە نەغمە - ناۋا بىلەن ئۆز قارار گاھىغا ئېلىپ كەتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىب دۈەن چېڭشى يازغان «يۇياڭ راۋىقىدىكى خاتىرىلەر» دېگەن ئەسەردىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە: «قەدىمكى كۇچا پادىشاھى ئەجدەر ئاجايىپ كارامەت ئىگىسى ئىدى» دەپ يېزىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى تاغدا بىر ئەجدىھا بولۇپ، خەلققە تەھدىت سالغان. پادىشاھ ئەجدىھا بىلەن جەڭگە چىقىپ ئۇنىڭ ئۇخلاپ ياتقان يېرىدە ئۇنى مىنىۋالغان. كېيىن بۇ ئەجدىھا بىردىنلا شىرغا ئايلانغان. جەڭدە شىر يېڭىلگەن. ئېيتىلىشىچە، تۈركىي خان - يابغۇلار شۇندىن باشلاپ شىر پۇتلۇق تەخت ياساپ، ئەجدەرخاننىڭ شىرغا مىنىۋالغان ئوبرازىنى ئۆزىگە قەھرىمانلىق سىمۋولى قىلغان. خەلق ئارىسىدا شىر ئويۇنى ئويناش ئادىتى شەكىللەنگەن. پادىشاھنى خەلق «ئەجدەر خان» دېگەن لەقەب بىلەن ئاتاشقا باشلىغان.

«سۇڭ دەۋرى مەجمۇئەسى» دە: «كۇچالىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈرى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتايدۇ . . . سېرىق كىمخاب، تاۋارلاردىن ئىگىن كىيىدۇ. گۆھەر تاج تاقايدۇ . . . ئۇلار غەربىي ئۇيغۇر ياكى كۇچا ئۇيغۇرى دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يېزىلغان.

قەدىمكى كۇسەن شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قانىلى - يىپەك يولى ئوتتۇرا لىنىيىسىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادى ئاۋات مەشھۇر خەلقئارا سودا بازىرى، مەدەنىيىتى گۈللەنگەن داڭدار يىپەك يولى مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

مەركىزى ئىدى.

ھىندىستان، پاكىستان، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن كورىيە، ياپونىيىلەردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرى، بۇددا سەنئىتىنى سېلىشتۇرساقلا، ناھايىتى ئۇرغۇن خىراجەت بىلەن تەمىر قىلغىلى بولىدىغان بۇنداق زور خەلقئارا سەنئەت مۆجىزىسىنىڭ كۇسەندە مەيدانغا كېلىشىدىن كۇسەننىڭ ئەينى زاماندا پۈتكۈل يىپەك يولى ئىقتىسادىدا تۇتقان مۇھىم ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كۇسەن تاشكېمىرلىرىغا سىزىلغان تۇرمۇش مەدەنىيىتى، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ۋە سەنئەت سەۋىيىسىنىڭ ئەينى زامانغا نىسبەتەن يۇقىرىلىقى كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي جۇغلانمىغا تايانغانلىقىنى ئەكس ئېتىپ بېرىدۇ.

قەدىمكى كۇسەننىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى پۈتكۈل غەربىي دىيار ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، جۈملىدىن مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يۇقىرى ئۆركەش ھاسىل قىلغان.

قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىلىرى كۈچا ئەتراپىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇ ھەتتا يېڭى تاشقورال دەۋرى مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

قەدىمكى كۇسەننىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى مەدەنىيىتى ھەقىقەتەن يىپەك يولى بويىچە ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ئۇتۇق ئىدى. كۇسەندىكى بۇددا سەنئەت تاشكېمىرلىرى - قىزىل مىڭئۆي، تېتىرمىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆي، سىم - سىم مىڭئۆي، قىزىل قاغا مىڭئۆي، مازار باغ مىڭئۆي خارابىلىرى بىلەن بىر قاتاردا بۇددا مۇنارلىرى بۇ شانلىق مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي شاھىدى بولۇپ تۇرماقتا.

كۇسەندىكى بۇ بۇددا تاشكېمىرلىرى مىلادىنىڭ بېشىدىن ، كېچىككەندىمۇ 2 - 3 - ئەسىرلەردىن باشلاپ قېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 7 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە تەدرىجىي ئاستىلىغان. 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنى غەربىي دىياردا ئومۇملىشىشقا ئەگىشىپ، بارا - بارا تاشلىۋېتىلگەن. قىممەتلىك نەرسە خارابىلاشقاندىمۇ يەنىلا قىممەتلىك. گەرچە كۇسەن بۇددا تاشكېمىرلىرى ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە تەبىئىي سەۋەبلەر بىلەن خارابىلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا تېپىلغان قەدىمكى قولىيازمىلار، جەسەت كۆلى قاچىسى، ياغاچ ئويما بۇددىھا ۋە بۇتساتۋا فىگورىلىرى، مىسلىسىز گۈزەل تام رەسىملىرى، رەسىملەردە گەۋدىلەنگەن تۇرمۇش ۋە سەنئەت مەدەنىيىتى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، چەت ئەللىك قىدىرغۇچىلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېكسپېدىتسىيە قىلىشىغا سەۋەب بولدى. شەرق خەلقلىرى مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى بىر يېڭى پەن - كۇسەنشۇناسلىق مەيدانغا كەلدى.

## 2. كۇسەنلىكلەر ھازىرقى كۈچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر

«ھازىرقى كۈچاتلى قەدىمكى كۇسەن تىلىدىن يادنامە.»

- ھارتمان

قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر.

قەدىمكى كۇسەن ئاھالىلىرىنىڭ مىللىي تەركىبى مەسىلىسى ماھىيەتتە مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى، شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلار ۋە سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تارىم ئاھالىسىنىڭ مىللىي تەركىبى مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ھازىرقى كۈندە، ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ ئالىملىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى ئالىملىرى بىر -بىرىگە ياندىشىدىغان مۇنداق تۆت ئاساسىي يەكۈننى چىقاردى:

تارىخشۇناسلار: تۈركىي خەلقلەر ئاسىنا ئۇرۇقى ئاساسىدىكى ساقلار بىلەن ئاشىد ئۇرۇقى ئاساسىدىكى سېرىق تەنلىك ئاھالىنىڭ ئالتاي ئەتراپىدا ئاسىنا ئۇرۇقىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپقان، دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىدى. بۇ، ئاسىناساقلىرىنىڭ ماھىيەتتە «ئاۋېستا» دا تىلغا ئېلىنغان «جەڭگىۋار تۇرالار» ئىكەنلىكى، ئۇلار «شاھنامە» دىكى ئەپراسىياپ تۇرانلىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلار بىلەن بىردەك بولغان.

رۇسىيە ئالىمى، ئارخېئولوگ ۋە ئىنسانشۇناس ن. ن. چېبوكساروۋ «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى» (1982 - يىل موسكۋا نەشرى ) ناملىق ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ پامىر - پەرغانە تىپىدىكى، ھىندى - ئافغان تىپىدىكى ئاق تەنلىك ئاھالە بىلەن تۈركىي تىپىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

تارىخشۇناس گوباۋ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنوگېنىز (كېلىپ چىقىش) مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدا، بەزىلەرنىڭ ئاتالمىش «مىلادى 840 - يىلدىن كېيىن ئاندىن ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىدا ئۇيغۇرلار پەيدا بولغان» دېگەن بىر تەرەپلىمە قارىشىغا كەسكىن رەددىيە بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن «دىڭلىڭ»، «تېلى»، «گاۋچې»، «خۇيخې»، «خۇيگو» دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ دەل ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مىلادى 1 - ئەسىردىن باشلاپلا گەنسۇ - خېشى رايونى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە قويۇق ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

شىنجاڭ زېمىنىدا ھازىرقى ئۇيغۇر خەلقى ئەجدادلىرىدىن بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن تاشقىرى يەنە باشقا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئەجدادلىرىمىز (مەسىلەن، ساقلار، توخارلار، سوغدىلار) مۇ ياشىغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە باشقا مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سوغدىلار 7 - ئەسىر ئەتراپىدا تارىم - تەكلىماكان، ئوردۇس ئەتراپىغا، 9 - ئەسىردە بالا ساغۇنغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە تۈركلەرنىڭ تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۈركلىشىپ، ياغما - ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن.

كۇسەن ئەتراپىدا «كۇسەن خانلىقى»نى قۇرغان خەلقلەردىن بولغان توخار - يۇرچىلارنىڭ تەقدىرىدىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇلار كېيىن ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. تارىخشۇناسلار مۇنداق ئەھۋالنى ئومۇملاشتۇرۇپلا «تۈركلىشىش» دەپ ئاتايدۇ. كونكرېت ئالغاندا، ئۇ ئەينى زامان تارىخىي قاتلىمىدىكى ئۇيغۇرلىشىشتىن ئىبارەت.

«ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ «ۋېينامە» قىسمىغا نەزەر سالساق، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشاۋاتقان ئاھالىلار 5 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

قەدىمكى كۇچا ئاھالىسى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى قەۋملەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا كىرەتتى. ئەمما تىلىغا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن ھىندى - ئىران تىللىرىنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى كۆپ سىڭگەن، ھەتتا گىراماتىك تۈزۈلۈشىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەنىدى.

فرانسىيىلىك تارىخشۇناس سىلۋېن. لېۋى «B توخار تىلى يەنى كۇچا تىلى دېگەن تىل ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن ئەسىرىدە: «بۈگۈنكى كۇچا ئاھالىسى قەدىمدىن ئادەتلىنىپ كېلىۋاتقان مۇزىكا تىلى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇنىڭدا قەدىمكى كۇچاغا خاس يادنامىلار ساقلىنىپ قالغانلىقى ئېنىق . . . ھارتمان ئۆز ئەسىرىدە، ياركەنت يەرلىك ئاھالىسىنىڭ دېيىشىچە، كۇچا تىلى سۈزۈك ھەم پاكتۇر. ئۇلارنىڭ تىلىدا نەزمىلىك ئىبارىلار كۆپ قوللىنىلىدۇ، دەپ يازىدۇ. ھارتمان ھازىرقى كۇچا تىلىنى قەدىمكى كۇچا تىلىدىن يادنامە دەپ ئويلايدۇ» دېگەن قارىشىنى قويغان.

سىلۋېن. لېۋى يەنە: «كۇچادا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدىكى ئەدەبىيات تەرەققىي قىلغان. كۇچا ھىندى نوملىرىنى قوبۇل قىلىشتا، ئەسلى تېكىست بىلەن چەكلىنىپ قالماي، مۇستەقىل ئىش كۆرگەن . . . بۇددا نوملىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا كۇچا تىلى ۋاستىچىلىك قىلغان. يەنى سۆز - ئاتالغۇلىرىنى كۇچا تىلىغا قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئاھاڭ تەرجىمىسىنى ئاساس قىلغان» ⑤ دەپ يازىدۇ.

ئەدىب، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدا مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى مەسىلىسى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمدىن تارتىپ مۇتلەق ‹ساپ مىللەت› بولمىغىنىدەك، سىرتقى تەسىردىن خالىي بولغان مۇتلەق ‹ساپ مەدەنىيەت› مۇ بولغان ئەمەس. قانداقتۇر مۇتلەق ‹ساپ مىللەت› ۋە ‹ساپ مەدەنىيەت›، نۇقتىئىنەزەرى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئۈچ بۈيۈك ئىقتىساد (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا)، ئۈچ قەدىمكى مەدەنىيەت (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندمەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى)، ئۈچ بۈيۈك دىن (بۇددا، خرىستىيان ۋە ئىسلام دىنى)، ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى (خەنزۇ - شىزاڭ، ئالتاي - ئۇرال، ھىند - ياۋروپا تىللىرى) بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن زېمىندا، ئۆز دەۋرىنىڭ دۇنياۋىي قاتناش لىنىيىسى - يىپەك يولى تۈگۈنىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۇزۇن تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ بەزى قەدىم مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتتۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئون ئىككى مۇقاممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس» . . . «قەدىمدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى باشقىلاردىن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھال ئون ئىككى مۇقامدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ‹ئون ئىككى مۇقام› نىڭ قەدىمكى كۇسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئېۋىرغول (قۇمۇل) مۇزىكىلىرى، كېيىنرەك دولان مۇقام كۈيلىرى ئاساسىدا بېخلىنىپ، يىلتىز يېيىش بىلەن قېلىپلاشتۇرۇلغان بىر مۇزىكا سىستېمىسىغا ئايلىنىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ بېيىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.» ⑥

يۇقىرىدىكى ئىلمىي بايانلار تارىخقا تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى، مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا قاتمال، قېلىپبازلىق بىلەن قارىماسلىق كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى كۇسەنلىكلەر ھازىرقى كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى، ھازىرقى كۇچا ئاھالىسى ئەينى زاماندىكى كۇسەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر.

## 3. قەدىمكى كۇسەننىڭ ئىپتىخارى

«سۇجۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلدى.»

— لىن جيەنىەن

www.uyghurkitap.com

قەدىمكى مەدەنىيەت ئۇچىقى بولمىش كۇسەندە شانلىق كۇسەن مەدەنىيىتىنى ئاپىرىدە قىلغان ئۇيغۇر خەلقىدىن كومىراجىۋا ⑦، سۇجۇپ ⑧ قاتارلىق كۆپلىگەن دۇنياغا داڭلىق ئالىملار، تەرجىمانلار، مۇزىكىشۇناسلار، بۇددىزم ئۆلىمالىرى مەيدانغا كەلگەن.

لياڭ دەۋرىدە يېزىلغان «راھىبلار تەزكىرىسى» نىڭ 2 - جىلدىدا كۇسەنلىك ئۇلۇغ ئالىم كومىراجىۋا توغرىسىدا: «كومىراجىۋا ئوقۇشتىن قايتقاندا كۇسەن خانى ئاقسۇغا بېرىپ ئۇنى قارشى ئالغان. كومىراجىۋا نوملاردىن سۆزلىگەندە تەرەپ - تەرەپتىن ئالىملار كېلىپ ئاڭلىغان. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرەلمىگەن . . . كۇسەن خانى كومىراجىۋا ئۈچۈن شىر شەكلىدە ئالتۇن تەخت ياسىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى رۇم دۇخاۋىسى بىلەن قاپلاتقان. كومىراجىۋا تەختكە چىقاردا خان تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، كومىراجىۋانى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ چىقىشنى بۇيرۇغان. خان كومىرا جىۋانى ئەنە شۇنداق ھۆرمەت قىلغان» دەپ يېزىلغان .

كۇسەنلىك مەشھۇر كۈيشۇناس سۇجۇپ توغرىسىدا «سۇينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە: «نەغمىنى ئوبدان بىلىدىغان زاتلارنى ئىزدەپ، قەدىمناملەردىكى بايانلاردىن پايدىلىنىپ، نەغمىنى تەسنىف قىلىش توغرىسىدا يەنە يارلىق چۈشۈرۈلگەن. جۇگۇيىفىينىڭ گۇڭ بېگى (كىنەزى) جېن يى دېدىكى: ‹نەغمە سىجىلاتىدىكى ئاھاڭ - پەدىلەر تەھقىقلەنگەندە، گۇڭ، شاڭ، جياۋ، جىڭ، يۈ، ئۆزگەرمەگۇڭ، ئۆزگەرمە جىڭدېگەن ناملار مەلۇم بولدى. بۇ يەتتە ئاۋاز ئىچىدە ئۈچ ئاۋاز ماس كەلمىدى. ھەر تەرەپتىن بۇ ھەقتە سۈرۈشتە قىلىندى، ئاقىۋەت بىلگۈچى تېپىلمىدى. جوۋۇدى زامانىدا (560 - 578) تۈرك خان قىزىنىڭ تەشرىپى مۇناسىۋىتى بىلەن كۇسەنلىك سۇ جۇپ سەلتەنىتىمىزگە كەلگەنىدى. ئۇ ‹خۇر› بەرباب ماھىرى ئىكەن. ئۇنىڭ چالغۇسىدىن بىر يولىلا يەتتە ئاۋاز نامايەن بولىدىكەن. بۇ ئاھاڭلار بائىسى سورالغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ‹ئۇنىڭ ئاتىسى غەربىي دىياردا مۇغەنىنى - بىلىك دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەۋلادىدىن - ئەۋلادىغا ئۆتۈپ داۋام قىلىپ كەلگەن يەتتە خىل ئاھاڭ بار ئىكەن. بۇ يەتتە ئاھاڭدىن يەتتە ئاۋاز تەھقىقلىنىپ، بەلگە - ئىشارەتلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەنىكەن. بىرىنچىسى، شاتتال (سادۇلى)، خەنزۇچە مەنىسى تەكشى ئاۋاز بولۇپ، گۇڭ ئاۋازىغا توغرا كېلىدىكەن. ئىككىنچىسى، تامچە نەنچى، خەنزۇچە مەنىسى ئۇزۇن ئاۋاز بولۇپ، شاڭ ئاۋازىغا توغرا كېلىدىكەن. ئۈچىنچىسى، زەججە (زاجى) ياكى ساجىڭ، خەنزۇچە مەنىسى تىك ئاۋاز بولۇپ جياۋ ئاۋازىغا توغرا كېلىدىكەن. تۆتىنچىسى، شەخۇل گالما، خەنزۇچە مەنىسى ماس ئاۋاز بولۇپ، ئۆزگەرمە جىڭ ئاۋازىغا توغرا كېلىدىكەن. بەشىنچى سالەك، خەنزۇچە مەنىسى ماسلاشقان ئاۋاز بولۇپ، جىڭ ئاۋازىغا توغرا كېلىدىكەن. ئالتىنچىسى، پەنجاما، خەنزۇچە مەنىسى بەشىنچى ئاۋاز بولۇپ، يۈ ئاۋازىغا توغرا كېلىدىكەن. يەتتىنچىسى، ئىركەم، خەنزۇچە مەنىسى دۇم ئاۋاز بولۇپ، ئۆزگەرمە گۇڭ ئاۋازىغا توغرا كېلىدىكەن. شۇندىن كېيىن جېن يى ئۇنى ئۆگىنىپ، ساز چالغان. يەتتە ئاھاڭ ئاندىن تۈزىتىلگەن» دەپ يېزىلغان.

تۈرك خان قىزى ئاسىنا مەلىكە ⑨ 568 - يىلى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى جوۋۇدىغا ياتلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن 565 - 568 - يىللىرى بولغۇسى توي ئالدىدىن كۆك تۈرك خانى موغانخان (553 - 572) كۇسەن قاتارلىق جايلاردىن كۆپلەپ مۇزىكا - ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى توپلىغانىدى. غەربىي تۈرك يابغۇسىنىڭ بارگاھى كۇسەن - چالىش (قارا شەھەر) ئارىسىدىكى كاتتا يۇلتۇز ئىدى.

كۇسەنلىك مەشھۇر كۈيشۇناس سۇجۇپ ۋە بەي فامىلىلىك سەنئەت ماھىرلىرى ئاسىنا مەلىكە بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەلگەنىدى.

مەلۇمكى، خەنزۇلار بۇرۇن پەقەت بەش تاۋۇشلۇق كۈي سىستېمىسىغىلا ئىگە ئىدى. سۈي سۇلالىسىدىن باشلاپ ئۇلار سۇجۇپنىڭ 12 رېتىملىق مۇزىكا قانۇنىيىتىنى ۋە بەش تارانە، يەتتە كۈيلۈك كۈي شەكلى نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلدى.

ياپونىيە مۇزىكا تەتقىقاتچىسى لىن جيەنسەن «سۈي - تاڭ نەغمىلىرى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىدا: «سۇجۇپنىڭ 12 رېتىملىق كۈي قانۇنىيىتى جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلدى. ھەتتا سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىلا ياپونىيە مۇزىكىسىغا زور تەسىر كۆرسەتتى» دەپ يازغانىدى.

دېمەك ، سۇ جۇپ ۋەكىللىك قىلغان 12 رېتىملىك كۈي قانۇنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىي بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدى.

قەدىمكى غەربىي دىيارنىڭ مۇزىكىلىرى، تۈرلۈك نەغمىلىرى ئەنە شۇ كۈيشۇناسلىق سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. سۇجۇپ - ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى قەدىمكى كۇسەن تىپىنىڭ ۋەكىلى، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ جاھانغا تونۇلغان مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر.

كۇسەنلىك بەي جىڭتۇڭ ⑩ سۇجۇپ بىلەن بىللە چاڭئەنگە كىرگەن پېشقەدەم مۇزىكا شۇناس ۋە مۇزىكا ئۇستازى ئىدى. جېن يى قاتارلىق كىشىلەر سۇ جۇپنىڭ 12 رېتىملىك كۈي قانۇنىيىتى بويىچە مۇزىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتا، شۇ چاغدا تۇل ھالەتتە تۇرغان دىيانەتلىك خانىش ئاسىنا مەلىكە بىلەن بەي جىڭتۇڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.

بەي جىڭتۇڭ كېيىن سۈي - تاڭ ئوردىلىرى يېنىدىكى مۇزىكا تەلىم - تەربىيە ئورۇنلىرىدا مۇزىكا ئوقۇتۇشىدىكى ئاساسلىق يېتەكچى ئۇستاز بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بەي جىڭتۇڭ دېگەن خەنزۇچە ئىسمى «باي بىلگۈ» مەنىسىنى بېرەتتى.

كۇسەنلىك بەي مىندا (ئاقارى ماندا) ⑪ سۇ جۇپ بىلەن زامانداش دېگۈدەك ياشىغان مەشھۇر كۈيشۇناس، كومپوزىتور

بولۇپ، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان نەغمىلەرنى ئىشلەپ زور شۆھرەت قازىنىپ، پادىشاھ سۇي ياڭدىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. بۇ توغرىلىق «سۇينامە» نىڭ 15 ـ جىلدىدا: «ياڭدى پادىشاھ مۇزىكىنى تازا چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى، شۇنىڭ بىلەن شەھۋانىي قىسىملەر تازا ئەۋج ئالدى. قىسىملەرنىڭ سۆزلىرى ئىنتايىن شەھۋانىي ئىدى. كېيىن ئۇ، مۇزىكانت بەي مىندانى يېڭى مۇزىكا ئىشلەشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇ ‹ياشا›، ‹ئۇزۇن ئۆمۈر كۈيى›، ‹زەنگولە كۈيى›، ‹7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى ئۇچرىشىش›، ‹ئۇسسۇل بەزمىسىدىكى رىشتە تۈگۈنى›، ‹قاشتېشى قىزنىڭ نۆۋەت بىلەن مەي قۇيۇشى›، ‹پەرىزاتنىڭ مېھمان بولۇشى›، ‹خىش تاشلاپ ئۆمۈرنى ئۇزار تىش›، ‹خوراز سوقۇشتۇرۇش›، ‹ئوت ـ گۈل ئويۇنى›، ‹ئەجدىھاشەكىللىك كېمىنى ھەيدەش›، ‹قەدىم ئوردىغا قايتىش›، ‹شادلىق گۈلى›، ‹12 ۋاقىت نەغمىسى›، قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت، نادامەت سادالىرى ياڭرايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بەي مىندا ئىجاد قىلغان 14 ئاھاڭ كۈسەن مۇزىكىلىرى بولۇپ، ئۇ يەنە «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» ناملىق داڭلىق كۈينىمۇ ئىجاد قىلغانىدى.

«ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا: «باھار بۇلبۇل ناۋاسى پادىشاھ گاۋزۇڭغا تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ، تاڭ سەھەردە بۇلبۇلنىڭ سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، بەي مىندانى شۇ ھەقتە ئاھاڭ ئىشلەشنى بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاھاڭ ۋۇجۇدقا چىقتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

كۈسەن ـ سۇلى (قەشقەر) مۇزىكىلىرى ئەزەلدىن بىر خىل كۈيشۇناسلىق ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. تاڭ دەۋرىدە سۇلىلىق مۇزىكا شۇناس فېي شىنفۇ ⑫ مۇ نۇرغۇنلىغان مۇزىكىلارنى ئىشلىگەنىدى.

«قامۇسنامە» نىڭ 146 ـ جىلدىدا: «فېي شىنفۇ بەربابقا ئۇستا ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ‹نۇسرەت تاپقان يىگىت›، ‹ئاتەش سۇ مۇرغ›، ‹سېغىنىش كۈيى›، دېگەن ئۈچ كۈينى ئىشلىگەن. ئۇلار ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى. تاڭ تەيزۇڭ بۇنىڭدىن شادلاندى. تاڭ گاۋزۇڭ يىللىرىدا بۇلار ھەر تەرەپكە كەڭ تارقالدى» دەپ يېزىلغان.

بەي مىندا ئىشلىگەن «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» بىلەن فېي شىنفۇ ئىشلىگەن «ئاتەش سۇمۇرغ» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خېلى كەڭ تارقالغانىدى.

قەدىمكى كۈسەندىن چىققان ئالىملار ۋە كۈيشۇناسلار يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

## 4. كۈسەن ـ يىپەك يولى باغرىدىكى مۇزىكا ئاستانىسى

«كۈسەن دۆلىتىدىكىلەر يۈۋلىمە ۋە تارلىق چالغۇلارنى ئورۇنداشتا باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە ماھىر ئىكەن.»

ـ شۈەنجاڭ

كۈسەن ـ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قەدىمكى يىپەك يولىدىكى سەنئەت ئاستانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تاشكېمىر بىناكارلىق سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى، كىيىم ـ كېچەك ـ تۇرمۇش سەنئىتىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلار بۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن ئىلمىي دەلىلىدۇر. شۈبھىسىزكى، كۈسەن ـ يىپەك يولى باغرىدىكى داڭدار مۇزىكا ئاستانىسى ئىدى.

كۈسەن مۇزىكىلىرى مۇكەممەل كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە، مۇنتىزىم چالغۇلار ئوركېستىرىغا، ناخشىلىق مۇزىكا، چالغۇلۇق مۇزىكا، ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل سەنئەتنى بىرلەشتۈرۈپ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن نەغمە مۇجەسسىمىگە ئىگە ئىدى.

تارىخىي مەنبەلەردە، كۈسەن مۇزىكىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۈرلۈك بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان نوتىلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈلگەن.

«يۆياڭ راۋىقىدىكى خاتىرىلەر» نىڭ 12 ـ جىلدىدا: «يۈەنزۇڭ خانى ھەر قايسى بەگلىكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، نىڭۋاڭ بېگىنىڭ تومۇز ئىسسىقتا چىپ ـ چىپ تەرگە چۆمگەن ھالدا كۈسەن مۇزىكىسىنىڭ نوتىسىغا قاراپ ناخشا ئېيتىپ، دۇمباق چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا: يارايسەن قېرىندىشىم، نەغمەڭ مېنى ناھايىتى مەپتۇن قىلدى، دېدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

كۈسەن مۇزىكىلىرى لۇي گۇاڭنىڭ كۈسەننى ئىشغال قىلىپ، كومىراجىۋانى ئېلىپ كېتىشىدىن تاكى سۇي سۇلالىسى بەرپا بولغىچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۈچ قېتىم تونۇشتۇرۇلدى.

«سۇينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەردە قالدۇرۇلغان: «كۈسەنلىكلەر لۇي گۇاڭنىڭ كۈسەنگە قىلغان ھۇجۇمىدىن باشلاپ ھوشىنى يىغقان. لۇي جەمەتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كۈسەندىن يۆتكەپ كەلگەن چالغۇلار چېچىلىپ كەتكەن. كېيىنچە ۋېي ـ جىن سۇلالىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تىنجىتقاندا بۇ چالغۇلار يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەن».

دېمەك، كۈسەن مۇزىكىلىرى لۇي گۇاڭ زامانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشقا باشلىغان. لياڭجۇ مۇزىكىسىغا ئاساس سالغان.

www.uyghurkitap.com

«شىمالىي ۋېينامە»، «سۇينامە»، «تاڭنامە» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ 4 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارىلىپ كىرىشكە باشلىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر قالدۇرۇلغان. بۇ بىرىنچى دەۋر ئىدى.

كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدىكى ئىككىنچى دەۋرى شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە باشلاندى. شىمالىي سۇلالىلەردىن كېيىنكى ۋېي سۇلالىسىدىن باشلانغان بۇ مۇزىكا تەسىرى چى سۇلالىسى دەۋرىدە ئەۋجىگە چىقتى. «سۇينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە: «كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تىنجىتقاندىن كېيىن نەغمە جانلاندى. كېيىن ئۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى. سۈي سۇلالىسىغا كەلگەندە ‹غەربىي دىيار كۇسەن مۇزىكىسى›، ‹چى سۇلالىسى كۇسەن مۇزىكىسى›، ‹يەرلىك كۇسەن مۇزىكىسى›، قاتارلىق ئۈچ بۆلەك مۇزىكا بار ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «غەربىي دىيار كۇسەن مۇزىكىسى» - لۈي گۇاڭ غەربىي دىيار كۇسەن دۆلىتىدىن ئېلىپ كەتكەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا لياڭجۇ (شىلياڭ) مۇزىكىسى دەپ ئاتالغان كۇسەن مۇزىكىسى ۋارىيانتىغا قارىتىلسا، «چى سۇلالىسى كۇسەن مۇزىكىسى» - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، چى سۇلالىسى دەۋرىدە راسا گۈللەنگەن كۇسەن مۇزىكىسى ۋارىيانتىنى كۆرسىتىدۇ.

چى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانلىرىدىن گاۋياڭ كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ مەستانىلىرىدىن بىرى ئىدى. غەربىي دىيار مۇزىكا شۇناسلىرىدىن ساۋپولومېن [13]، ساۋمياۋدا [14]، بەي جىژتوڭ قاتارلىقلار چى سۇلالىسى ئوردىسىدا ئىشلەيتتى. ساۋپولومېن ئائىلىسى كۇچا بەربابىنى چېلىشقا ماھىر بولغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى ساۋمياۋدا چى سۇلالىسى خانى شۈەن ۋېندى (گاۋياڭ) نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان. ھەر قاچان ساۋمياۋدا كۇچا بەر بابىنى چالغاندا گاۋياڭ ئۆزى ئۇنىڭغا داپ چېلىپ بەرگەن.

دېمەك، كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى 439 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىــككە كەلتۈرگەن بولۇپ، كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئىككىنچى قېتىم كىرگەن ۋاقتى ئەڭ دەسلەپ 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا توغرا كېلەتتى.

كۆك تۈرك خانى موغانخاننىڭ قىزى مەلىكە ئاسىنا شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەلەمپەز پادشاھى جۇۋۇدىغا ياتلىق قىلىنغاندا، ئۇ كۇسەن ۋە غەربىي دىياردىن سۇجۇپ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇزىكا شۇناسلار بىلەن ناخشا - ئۇسسۇلچىلارنى چاڭئەنگە باشلاپ باردى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى خانلىق ئوردىسىنىڭ سەنئەتچىلىرى مەلىكە ئاسىنا باشلاپ بارغان غەربىي دىيار سەنئەتچىلىرىدىن تەركىب تاپتى.

بۇ، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىشىدىكى 3 - باسقۇچ بولۇپ، بۇ مۇزىكىلار «يەرلىك كۇسەن مۇزىكىسى» (ساپ كۇسەن مۇزىكىسى) دەپ ئاتالدى.

شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان شىمالىي جۇ خانلىقى ئاساسىدا، سۈي سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەنشىمالىي سۇلالىلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شۇ چاغدا دەسلەۋىي مۇزىكىلارنى سىېلىشتۇرغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل ۋارىيانتتىكى كۇسەن مۇزىكىلىرى تارقالغانلىقى مەلۇم بولدى ۋە «يەرلىك كۇسەن مۇزىكىسى» - سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى كۇسەن مۇزىكىسى ئاساسىدا، جېن يى باشچىلىقىدا مۇزىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، دەسلەپى يەتتە قىسىملىق، كېيىنچە توققۇز قىسىملىق خانلىق مۇزىكا تىزىمىسى تىكلەندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تاڭ تەيزۇڭنىڭ تۇرپاننى ئىشغال قىلىشى ۋە «قوجۇ مۇزىكىسى» نى ئېلىپ كېلىشى بىلەن خانلىق مۇزىكا 10 قىسىملىق مۇزىكىغا ئايلاندى.

ماۋزېدۇڭ «مۇزىكا خادىملىرى بىلەن سۆھبەت» تە: «سۈي سۇلالىسىنىڭ توققۇز نەغمىسىنىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10 نەغمىسىنىڭ تولىسى غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ئىدى» دېگەنىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، كۇسەندە كۇسەن مۇزىكىلىرىنى ئاساس قىلغان ئوردا - ساراي مۇزىكىلىرى ئولتۇرۇپ ئورۇندىلىدىغان، ئۆرە تۇرۇپ ئورۇندىلىدىغان مۇزىكىلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن.

ئولتۇرۇپ ئورۇندىلىدىغان مۇزىكا - «زىبايەت كۈيى»، «ئالقىش كۈيى»، «ئىشرەت كۈيى»، «قاراۋۇل كۈيى»، «قورغاننى ئېلىش كۈيى» دىن ئىبارەت ئالتە خىل كۈيدىن، ئۆرە تۇرۇپ ئورۇندىلىدىغان مۇزىكا - «شادىيانە كۈيى»، «ئەمىنلىك كۈيى»، «قورغاننى ئېلىش كۈيى»، «مەڭگۇ ئەمىنلىك كۈيى»، «شاڭيۈەن (يۈەنشياۋ) بايرىمى كۈيى»، «ئەبەدىيەت كۈيى»، «شانۇ -·شەۋكەت كۈيى» دىن ئىبارەت سەككىز خىل كۈيدىن ئىبارەت بولغان.

ئولتۇرۇپ ئورۇندىلىدىغان كۈيلەردىن «ئالقىش كۈيى» ئورۇندالغاندىن كېيىن دائىم يەنە «كۇسەن نەغمىــســى» چېلىناتتى. ئۆرە تۇرۇپ ئورۇندىلىدىغان كۈيلەردىن «شادىيانە كۈيى» ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئادەتتە ناغرا چېلىناتتى. بۇنىڭغا قوشۇپ «كۇسەننىڭ يەرلىك نەغمىسى» چېلىناتتى.

بۇ ھەقتە: «مۇزىكا ساداسى يۈز چاقىرىملىغان يەرلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، تاغ - جىلغىلارنى تەۋرىتەتتى» دەيدىغان مەدھىيىلەر يېزىلغانىدى. [15]

مانا بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، كۇسەن مۇزىكىسى سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى ئوردىسىدا ئۈستۈن ئورۇندا (ماقامدا) تۇراتتى.

«سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە قامۇسى»، «قامۇسنامە» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە سۈي ـ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تۈرى توغرىسىدا مۇھىم خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» نىڭ 15 ـ جىلدىدا: «كۇسەن سازلىرى قول بىلەن چېكىپ چېلىنىدىغان سىنتور، تىك غوڭقا، بەرباب، بەش تارلىق بەرباب (راۋاپ)، نەي، زاك، باليمان، بۇرغا، دالا ناغرىسى، ئاسما دۇمباق (بويۇن دۇمبىقى)، دوشەن دۇمبىقى، بەل دۇمبىقى، جىلۇدۇمبىقى، مىس دۇمباق، ئىسقىرىتما، تۇڭبا قاتارلىق چالغۇلاردىن تەركىب تاپقان ئوركېستىر بولغان: ئۇلار 20 نەپەر مۇزىكانتتىن تەركىب تاپاتتى» دېيىلگەن ⑯.

كۇسەن تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان چالغۇلارنىڭ سانىغا قارىغاندا، 24 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ رەسىمى ئېنىقلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، تارلىق چالغۇلار تەركىبىدە بەش تارلىق بەرباب، ئەگرى بويۇنلۇق بەرباب، ئۈچ تارلىق بەرباب، تۆت تارلىق ۋەنشيەن، ئۈچ تارلىق ۋەنشيەن، تىك غوڭقا، سۇمۇرغ باشلىق غوڭقا، جىڭ؛ يەللىك چالغۇلار تەركىبىدە باليمان، قوش باليمان، سۇناي، پەيشاۋ، مىس بۇرغا، سىڭ، نەي؛ سوقما چالغۇلار تەركىبىدە ناغرا، بەل دۇمبىقى، دالا دۇمبىقى، كولدۇرما، چوڭ دۇمباق؛ ئاسما چالغۇلار تەركىبىدە مىس بۇرغا، بېي، چىكىنچاك، جېيگۇ، ئىسقىرىتما قاتارلىقلار بولۇپ بەئەينى بىر سىمفونىيە ئوركېستىرى ئىدى. بۇ، كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ تازا گۈللىنىش باسقۇچىغا يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى.

كۇسەن مۇزىكىسىدا چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ مۇنداق سەپلەپ تۈزۈلۈشى ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرى چالغۇلىرىدا ئىپادىلەنمەكتە. مەسىلەن، تارلىق چالغۇلار تەركىبىدە ھازىر ئاساسلىق قوللىنىۋاتقان راۋاپ، تەمبۇر قاتارلىقلار بەش تارلىق. روشەنكى، ئۇ كۇسەن چالغۇلىرىدىكى «بەش تار» بىلەن تومۇرداش بولسا، سوقما چالغۇلار ئىچىدە ھازىر قوللىنىۋاتقان ناغرا كۇسەن چالغۇلىرى ئىچىدىكى «جېيگۇ»، يەللىك چالغۇلار ئىچىدىكى باليمان كۇسەن چالغۇلىرى ئىچىدىكى «بىلى»، كاناي بولسا كۇسەن چالغۇلىرى ئىچىدىكى «مىس بۇرغا» دۇر.

كۇسەن مۇزىكىلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چالغۇلار ئارقىلىق ئاجايىپ سېھىرلىك كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ نەغمە ـ ئۇسسۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «ساماۋى نەغمە»، «پەرىزاتلار ئۇسسۇلى» دەپ تەرىپلىنىپ تاڭ دەۋرى شائىرلىرى ئاجايىپ گۈزەل مىسرالارنى قالدۇرغان.

شائىر ۋاڭ جيەن «لياڭجۇغا ساياھەت» ناملىق شېئىرىدا:

«تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى،
شەھىرى لوياڭدا جىمى ئۆي مەشق قىلار خۇر سازىنى.» ⑰

دەپ يازسا، شائىر يۈەن جېن:

«تۈن يېرىپ تاكتاكچى لياڭجۇدا قىلار سەييارىنى،
ئاڭلاپ ئۆتكەچ ئۇ كۇسەنىنىڭ خىلمۇ خىل ئەلنەغمىنى.» ⑱

«فاچۇي» دېگەن شېئىرىدا بولسا:

«ئات چېپىپ چاڭ كەلتۈرۈپ ئۇيغۇرلار كەلگەندىن بۇيان،
قاپلىدى ئۇيغۇر پۇراقى شەھىرى لوياڭنى ـ شۇئان.
بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سۇمۇرغ ئاتەشىنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋباھار بۇلبۇل ناۋاسى ياڭرايتتى بىرسالقىن ھامان.» ⑲

دەپ يازغانىدى.

مانا بۇ سۈي ـ تاڭ دەۋرىدە غەربىي دىيارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاۋات بىر مەدەنىيەت گۈلزارى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى.

«سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دىكى 歌曲 (گېچۇ) ناخشىلىق ئاھاڭنى، 解曲 (جېچۇ) مۇزىكىلىق ئاھاڭنى، 舞曲 (ۋۇچۇ) ئۇسسۇللۇق ئاھاڭنى كۆرسىتەتتى.

كۇسەن مۇزىكىلىرى ئىچىدىكى ناخشىلىق ئاھاڭ، مۇزىكىلىق ئاھاڭ، ئۇسسۇللۇق ئاھاڭدىن ئىبارەت مۇزىكا قۇرۇلمىسى ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا، مۇقام ھەقىقەتەن كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ۋارىسلىق قىلغان، دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

«كۇسەن مۇزىكىسى ـ باشلىنىش نەغمىسى، بايان نەغمىسى، ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. روشەنكى ئۇ مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن چوڭ نەغمە شەكلىنى ئالغان بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن ‹چوغ›، ‹ھاردۇق›، ‹شوخ› بولۇپ بۆلۈنگەن. ‹چوغ› ـ ناخشىغا قارىتىلغان بولۇپ مۇقامنىڭ ‹چوڭ نەغمىسى› نى، ‹ھاردۇق› ـ بايان نەغمىسى بولۇپ مۇقامنىڭ ‹داستانى› نى، ‹شوخ› ـ ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسى بولۇپ مۇقامنىڭ ‹مەشرەپى› نى بىلدۈرىدۇ». ⑳

«دېمەك، كۇسەن مۇزىكىسى مۇكەممەل كۆي شەكلى نەزەرىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۈچ بۆلەكلىك يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن

www.uyghurkitap.com

نەغمىلەر شەكلىنى ئالغانىدى. كۇسەننىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ 16 خىلدىن كۆپ ئىدى. كۇسەن چالغۇ ئەسۋابلىرىدىكى «بەش تار»، ھازىرقى ئۇيغۇر راۋابىغا تارىخىي مەنبە بولغان. كۇسەن مۇزىكىلىرىدا قوللىنىلغان نەي ھېلىمۇ قوللىنىلماقتا. كۇسەن تام رەسىملىرى يادىكارلىقىدا ساقلىنىپ قالغان داپنىڭ شەكلى ھازىرقى داپقا ئوخشايدۇ. كۇسەن مۇزىكىلىرىدا قوللىنىلغان بىلى ـ ھازىر ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان بالىماننىڭ ئۆزى.» ㉑

«ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىكى مۇقام بىلەن كۇسەن مۇزىكىسى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان ... مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كۇسەن مۇزىكىسىنى مۇقام دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇقامنى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ دەل ئۆزى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن قارىغاندا، كۇسەن مۇزىكىسى مۇقامنى تارىخىي مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ، مۇقامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن بۆشۈكى شۇنداقلا مۇقامنىڭ پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان تۈنجى مەركەزلىك ماكانىدۇر.» ㉒

كۇسەن ئۇسسۇللىرىمۇ ناھايىتى زىبۇزىننەتلىك كۆركەم كىيىملەر، يۇقىرى ماھارەتلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئورۇندىلاتتى. تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلاردىن لى دۇەن:

«لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسسۇل ئوينىغان،
ئىلمەك بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپئاق قاشتېشسىمان.
يەرگە تېگىپ سۆرۈلۈپ تۇرسا شۇڭدەك پۇتىسى،
كاناپ كۆڭلەك پەشلىرى قايرىلىپتۇ ئىككى يان.
ئۇ چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۆز تىلىدا شىۋىرلاپ،
كۆكرەك سىلاپ يەڭ شۇمۇپ چۈشتى ئۇسسۇلغا شۇئان.
قاش ئۇچۇرۇپ كۆز ئېتىپ شىرداق كىگىز ئۈستىدە،
مارجان بۆكى ئاستىدىن ئاقتى تەرلىرى راۋان.
يالتىرىدى ئۈتۈكى يورۇق چىراغ ئالدىدا،
مەست كىشىدەك ئۆزىنى تاشلىغاندا ھەر تامان.
پىرقىرىسا، تېز قويسا چۈشەر چالغان پەدىگە،
بەلگە قويسا قولىنى ئورغاق ئايغا ئوخشىغان.» ㉓

دەپ يازغانىدى.

كۇسەندە مۇزىكا ـ ئۇسسۇلنىڭ مۇنداق يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى، ئەينى ۋاقىتتا كۇسەندە مەدەنىيەتنىڭ زور دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىغانلىقىنىڭ ئىلمىي دەلىلى ئىدى.

## 5. كۇسەن مۇزىكىسى، فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى

«بىزنىڭ مۇزىكا ئالەملىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئەل فارابىدىن ئەھۋال ئاۋۇال باشلانغان»
ـ دارمۇر

كۇسەن مۇزىكىلىرى بۇددىزم بىلەن بىللە شەرققە ـ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، كورىيىگە ۋە ياپونىيىگە تارقالدى. كۇسەن مۇزىكىلىرى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىللە ئىسلام خەلىپىلىكى زېمىنىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق تەسىر كۆرسىتىشتە فارابىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئالاھىدە رول ئوينىدى.

قاراخانىلار خانلىقى (819 ـ 1212) دەۋرىدە، ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئالىمى، مۇزىكا شۇناس ئەبۇناسىر فارابى ㉔ ئەرەب تىلىدا يازغان «كىتاب ئەلمۇسىقى كەبىر» دېگەن ئەسىرىدە مۇزىكا نەزەرىيىسى، چالغۇ ئەسۋابلار، ماسلاشقان ـ ماسلاشمىغان ئىنتېرۋاللار، رىتىم، ئىجادىيەت قانۇنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مول نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. فارابىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كۇسەن كۈيشۇناسلىق سىستېمىسى ۋە كۇسەن ئەلنەغمە ئەمەلىيىتىنى ئارقا تېرەك، ئاساسىي مەنبە قىلغانىدى.

دوكتور دارمۇر «ئەرەب مۇزىكىسىدىكى ئاۋاز تىزىسلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «بىزنىڭ ئەرەب مۇزىكا ئالەمى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئەل ئاۋۇال ئەبۇناسىر ئەلفارابىدىن باشلانغان» دەپ يازغانىدى.

مىسىرلىق ئەھمەد شەفىق ئەبۇ ئەۋۋاھ «ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئەرەبلەردە مۇزىكىنى نوتىغا ئېلىش 13 ـ، 14 ـ ئەسىردە باشلانغان» دېيىلگەن.

كۇسەن مۇزىكىسىغا كەلسەك، تاڭ دەۋرىدىلا (7 ـ ئەسىردىلا) ئۇنىڭ شەرتلىك نوتا كىتابلىرىنىڭ بولغانلىقى قەيت قىلىنغان. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى بايان نەغمىسى بىلەن ئۇسسۇللۇق نەغمە ـ كۈيلەر ئىنسترومېنتاللىق (چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ بىۋاستە ياردىمى بىلەن ئورۇندىلىدىغان) مۇزىكىلار بولۇپ، نوتىغا ئېلىشقا ئەپلىك ئىدى.

ئەمدى بىز بۇ دەۋردىكى ئەرەب مۇزىكىسىغا نەزەر سالساق، 4 - ئەسىردىن 7 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئارىلىقتا ئەرەبلەرنىڭ مۇزىكىسى تېخى يەككە ئاۋاز تىزىمىسىدىكى ئىپتىدائىي باسقۇچتا ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، دۇخۇەن سۇياپ - چۇۋادىسىنى بويسۇندۇرغىلى بېرىپ، 751 - يىلى تالاس ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان. ئۇ 762 - يىلى تاڭ سۇلالىسى زېمىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «سەپەر خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدا: «ئەرەب ئاياللىرى تالا - تۈزگە چىقسا، يۈزىگە چۈمبەل تارتىدۇ. كۈنىگە بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ. بېلىگە كۈمۈش بەلباغ باغلاپ، يېنىغا كۈمۈش دەستىلىك پىچاق ئاسىدۇ ... ئەرەبلەر ھاراقنى مەنئى قىلىدۇ. مۇزىكىنى چەكلەيدۇ ...» دېگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

دېمەك، ئەرەبلەر مۇزىكىنى چەكلەۋاتقان ئەنە شۇ دەۋردە كۈسەن مۇزىكىلىرى تازا روناق تېپىپ، تۆت ئەتراپقا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى تازا سىڭدۈرۈۋاتاتتى. ھالبۇكى، بۇ مەزگىللەردە ھازىرقى شىنجاڭ ئاللىقاچان «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» غا مۇناسىپ ھالغا يېتىپ، تازا شۆھرەتلىنىشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭ شانلىق نامايەندىسى - ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا بولغان تەسىرى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدىن يەنى ئىسلام دىنى بىلەن تەڭ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭمۇ بىللە كىرىپ كېلىشىدىن باشلاندى. ئەرەب تىلى بارا - بارا ئىلىم - پەن تىلىغا، پارس تىلى ئەدەبىيات - سەنئەت تىلىغا ئايلىنىشقا باشلاپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەر پەيدىنپەي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ھەتتا قاراخانىلارنىڭ خانلىرىدىن باشلاپ (مەسىلەن، سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىگە ئابدۇلكېرىم دەپ ئەرەبچە ئات قويغاندەك) ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىگە ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب ياكى پارس تىلىدا يېزىشقا كىرىشتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن كۈي - ئاھاڭلارغا ئەرەبچە ياكى پارسچە نام بېرىلىشى، ئەرەبچىدىن «مۇقام» سۆزىنىڭ كىرگەنلىكى نەتىجىسىدە، كېيىنچە «ئون ئىككى مۇقام» ناملىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالغانلىقى ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بەزى ناملىرى ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالغانلىق بىلەن ئۇنىڭ مىللىي مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.

ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇزىكا سەنئىتى شۇ مىللەتنىڭ پسىخىك خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆزى ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ سىمۋولى بولغاچقا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بەزى ناملىرى ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇيغۇرلارغا خاس مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتنى ئەينەن ساقلاپ قالدى.

دەرۋەقە، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن جۈملىدىن مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر نۇقتىسىدىن بولسۇن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تەرەققىياتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە ئەرەب - پارس مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىمۇ بىر تارىخىي پاكىت. ئەمما بۇ قوبۇل قىلغۇچىنىڭ قوبۇل قىلىشى جەريانىدىكى تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت.

سۆز ئارىسىدا ئەرەبلەر «ئود» دەپ ئاتايدىغان بەرباب توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ياپونىيىلىك ئەنبىيەن چېكشۇڭ: «باربۇد» پارسلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى دېسە، گېرمانىيىلىك كورت ساكىس «باربۇد» نى سانسكرىت تىلىدىكى baharbu دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. بۇ «ئۆردەك بېشى شەكلىدىكى چالغۇ» دېگەن سۆزدۇر.

«باربۇد» نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى «پىپا» بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى (3 - ئەسىر) دە ياشىغان مەشھۇر تىلشۇناس لىيۇشى «ئاتالغۇلار ئىزاھاتى - چالغۇ ئەسۋابلار قىسمى» ناملىق كىتابىدا «باربۇد» نىڭ ئەسلى ۋەتىنى «خۇرلار» (قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ياشايدىغان مىللەتلەر) دىيارى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ چالغىلى بولىدىغان بىر خىل ساز ئەسۋابى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەن.

يەنە بىر مۇنچە خەنزۇچە مەنبەلەردە «باربۇد» نىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي دىياردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىشكە باشلىغانلىقى، سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە كۈسەن «باربۇد» نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقالغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ پاكىتلار «باربۇد» نىڭ ئەرەبلەرگە ھازىرقى شىنجاڭ ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، بەرباب (باربۇد) نى ئەرەبلەر «ئود» (قارا ياغاچ) دەپ ئاتايدۇ. بۇ چالغۇنى ئەرەبلەر تۈرك مۇزىكانت ئىبنى سىراجىدىن، كېيىن فارابىدىن ئۆگەنگەنىدى.

ئۆزبېكىستان ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، مىلادى 6 - ، 7 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ ئۇيغۇر رايونى بولغان بەيرەمەلى ۋىلايىتىگە يېقىن مەرۋە شەھىرىدە «باربەد» ئاتلىق بىر مۇزىكانت ياشىغان. ئۇ كىشى ھەم كومپوزىتور، ھەم ھاپىز، ھەم شائىر بولغان. باربەد ئۆز ھاياتىدا ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىگە نىسبەت بېرىپ، يەتتە خىل كۈي، ئاينىڭ 30 كۈنىگە قىياسلاپ 30 كۈي، يىلنىڭ 360 كۈنىگە بېغىشلاپ شۇنچە كۆپ تەرانە (ئاھاڭ - كۈي) ئىشلىگەن. بۇ كۈيلەرنىڭ ھەممىسىنى «باربۇد» بىلەن ئورۇندىغان. ئۇ ئىشلىگەن تەرانەلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، ئۆزبېك «شەش مۇقامى» (ئالتە مۇقامى) دىكى «زەرەفكەند» ؛ «خۇسرەۋانى» ، «نەۋرۇزى بۇزرۇك»

، «نەۋرۇزى ئەجەم» ، «نەۋرۇزى خارا» مۇقام يوللىرىدا باربەدنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى بىۋاسىتە داۋام قىلماقتا. فارابى، ئىبنى سىنا [25] ۋە ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، ئەدىبلەر باربەدنىڭ مۇزىكا ئىستېداتىغا يۈكسەك باھا بەرگەن. بۇ پاكىتلار، «باربۇد» ئەرەبلەرنىڭ ئۆز مىللىي سازى ئەمەس، پارسلاردىن كىرگەنلىكىنى، پارسلارغا بىزدىن كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قوبۇز (ياكى قومۇز) ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى سازلىرىدىن بىرى. قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن «شاھزادە قالىيامقارا بىلەن پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت» تە: «شاھزادە قوبۇز چېلىشقا ناھايىتى ھېرىسمەندى» دېگەن جۈملىلەر بار. بۇ پاكىت «قوبۇز» دېگەن بۇ سازنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سازلار ئەرەبلەرگە 11 ـ ئەسىردە بىز تەرەپتىن بېرىپ تارقالغانىدى.

بۇ پاكىتلار، ئەرەب مۇزىكىسى تېخى ئىپتىدائىي قۇرۇلما باسقۇچىدا تۇرغان ئەسىرلەردە، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە يېتىپ، گەرچە ئۇ چاغلاردا تېخى «مۇقام» دېگەن سۆز قوللىنىلمىغان بولسىمۇ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەرەب مۇزىكىسى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئاندىن پارس ۋە تۈركلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنىستىرومېنتاللىق مۇزىكىلارغا ئېتىبار بېرىدىغان بولغانلىقىنى، بۇنى كۆسەن مۇزىكىلىرىغا سېلىشتۇرساق، نەچچە ئەسىرلەر كېيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## خاتىمە

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ـ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۇلۇغ جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت.»
ـ سەيپىدىن ئەزىزى

كۆسەن ـ قەدىمكى غەربىي دىياردىكى شىمالىي يول ئۈستىگە جايلاشقان چوڭ بىر خانلىق بولۇپ، ئۇ يەردە بەي فامىلىلىكلەر سۇلالىسى ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت سەلتەنەت سۈردى.

شەرقىي خەن خانى خەن خىدىنىڭ يۈەنخېۋەن 3 ـ يىلى (مىلادى 91 ـ يىلى) دىن باشلاپ تاكى تاڭ خانى تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 6 ـ يىلى (790 ـ يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا بەي فامىلىلىكلەر سۇلالىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 700 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت كۆسەندە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى.

790 ـ يىلى تىبەتلىكلەر كۆسەنگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، كۆسەننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بەي فامىلىلىكلەر سۇلالىسىمۇ ئاخىرلاشتى.

بەي فامىلىلىكلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ مەزگىل، كۆسەن تارىخىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئەڭ مۇقىم، تىنچ، پاراۋان مەزگىل ئىدى.

كۆسەننىڭ راۋاج تاپقان بۇددا مەدەنىيىتى كۆسەندە راۋاج تاپقان ئىقتىسادىي ئاساس ئۈستىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دەۋرىمۇ تەخمىنەن بەي فامىلىلىكلەر سۇلالىسى بىلەن تەڭ باشلىنىپ، تەڭ ئاياغلاشتى.

بۇ مەزگىلدىكى كۆسەن مۇزىكىلىرى ۋەكىللىكىدىكى غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى بۇددا مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ كەلدى. تارىخنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، تارىخ تەرەققىياتى مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. شۇ مەزگىلدىكى غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ـ يەنىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆسەن 790 ـ يىلدىن باشلاپ تىبەتلىكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى، تاجاۋۇزچىلىقى ئارقىسىدا مەلۇم بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 9 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەرنى كۆسەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز يۇرتىنى قايتىدىن ئىگىلىدى.

مۇشۇ دەۋرگىچە غەربىي دىياردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى يەنىلا قەدىمكى ئۆز تىلى بويىچە: «كۆسەن نەغمىسى» ، «سۇلى نەغمىسى» ، «ئۇدۇن نەغمىسى» ، «قوچۇ نەغمىسى» ، «ئېۋىرغول نەغمىسى» ، «بېشبالىق نەغمىسى» ۋە «چوڭ نەغمە» ، «ئۇلۇغ نەغمە» ، «كۈي» ، «ئاھاڭ» ، «ئەلنەغمە» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ كەلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن يىلتىز تارتىپ، مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبەلىرى ئىدى.

13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەزەربەيجانلىق تۈركلەردىن سەفىئۇددىن ئابدۇلمۇئمىن ئەل ئۇرمەۋىي «مۇقام» [26] دېگەن بۇنامنى مۇزىكا ئاتالغۇسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، غەربىي دىياردىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئاتالغۇنى قوبۇل قىلىپ، شۇندىن تارتىپ مۇزىكا ئاتالغۇسى سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلدى.

دېمەك، قەدىمكى كۆسەن مۇزىكىلىرى ئۈز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن دەۋرى (ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن 1 ـ ئەسىرگىچە) ، گۈللىنىش دەۋرى (1 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە) ، قوشۇلۇش دەۋرى (8 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە) ، قېلىپلىشىش دەۋرى (14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە) قاتارلىق تۆت دەۋرنى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن بۈگۈنكى «مۇقام» ھالىتىگە كەلدى.

مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇجىڭباۋ «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدا: «بۇ مۇقامنى دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پەيدا بولغان. يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ نورغۇنلىغان مەملىكەتلەرنىڭ ئورتاق مۇزىكا شەكلىگە ئايلانغان، دەپ قارايمىز . . . ‹ئون ئىككى مۇقام› ئۈستىدە

توختالغىنىمىزدا، بىز ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادىيىتى دەپ پەخىرلىنىشىمىز كېرەك . . . «ئون ئىككى مۇقام» - ئىسلامىيەت مۇزىكا سىستېمىسىدا تۈرى ئەڭ كۆپ، نەغمىسى ئەڭ مۇكەممەل، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى كامالەتكە يەتكەن سەنئەت. «ئون ئىككى مۇقام» - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى چەتتىن كىرگەن ئېسىل سەنئەتلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، قەدىمكى كۇسەن مۇزىكىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ھەرگىزمۇ پارس، ئەرەبلەردىن ياكى ھىندىلاردىن كىرگەن ئەمەس. . . مۇزىكا قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن قارىغاندا، كۇسەن مۇزىكىلىرى «ئون ئىككى مۇقام» نى تارىخىي مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ، مۇقامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن بۆشۈكى، شۇنداقلا مۇقامنىڭ پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان تۈپجى مەركەزلىك ماكانىدۇر» دەپ كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ تارىخىي ئورنىغا ئىلمىي باھا بەردى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ يىپەك يولىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن مىلودىك ئۇتۇقى، ئۇيغۇر خەلقى مۇزىكىلىق تەپەككۇرىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېما تۈزگەن مىسلىسىز كامىل مۆجىزىسى، ئۇيغۇر مۇقام - مەشرەپ ئېتنولوگىيىلىك مىللىي سەنئىتىنىڭ يىراق ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇل سېلىنغان شاھانە خەزىنىسى - قەدىمكى كۇسەن مۇزىكىلىرى ئىپتىخارىمىزنىڭ يارقىن نىگىزلىرىدىن بىرى!

ئۇ مۇزىكا سەنئىتىدە دۇنياۋى شۆھرەت ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت يارىتىش مۇمكىنلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىللە، بىزنىڭ مەنىۋى ئويغىنىشىمىزغا يېڭى ئۇيۇق بېغىشلايدۇ. راۋاجلىنىۋاتقان ۋە بىر ئىزدا توختاپ قالمايدىغان ھەرىكەتچان تارىخ دەل يېڭى زامان كۇسەن مۇزىكا سەنئىتى - ھازىرقى زامان ۋە بولغۇسى زامان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۆچۈن ئەڭ مۇنبەتلىك گۈللىنىش تۈپرىقى ھاسىل قىلىشىدا شەك - شۈبھە يوق، ئەلۋەتتە!

## ئىزاھلار

① بەن چاۋ - خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مىلادى 91 - يىلى غەربىي دىيارغا ئەۋەتكەن دورغايى (باش قوغۇرچى بېگى). ئۇكۇسەندە تۇرغان. «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

②, ⑮ جۇيىگرۇڭ: «شىنجاڭدىكى قىزىل مىڭئۆيىنىڭ ۋەجۇتقا كېلىش تارىخىي شەرت - شارائىتلىرى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىل 4 - سانىغا قاراڭ.

③ لۈي گۇاڭ - (337 - 399) 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى كېيىنكى لياڭ خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. دى (ئاق قۇلان) قەبىلىسىدىن بولۇپ ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەننىڭ سەركەردىسى ئىدى. ئۇ 382 - يىلى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربىي دىياردىكى «كۇسەن خانلىقى» غا جازا يۈرۈشى قىلىپ، كۇسەندىن 20 مىڭ ئۇلاغقا ھەر خىل زىبۇ زىننەتلەر بىلەن دىرامچىلار، سەنئەتچىلەر، ئەدىبلەر، نەققاشچىلار، بۇددا ئالىملىرى جۈملىدىن مەشھۇر بۇددا ئالىمى، تىلشۇناس ۋە شائىر كۇمراجىۋا ۋە ھەر خىل ھايۋانات نەمۇنىلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داۋام قىلىۋاتقان قىرغىنچىلىق ۋە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ لياڭجۇنى بۆلۈۋېلىپ، كېيىنكى لياڭ خانلىقىنى قۇرۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلگەن. «ۋېينامە» نىڭ لۈي گۇاڭ تەزكىرىسى ۋە خوجى مۇنىسۇن تەزكىرىسى قىسىملىرىغا قاراڭ.

④ شۈەنجۇاڭ (602 - 664) - جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ ئاتاقلىق تەرجىمە ئۇستىسى، مەشھۇر بۇددا ئالىمى. «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت» نىڭ مۇئەللىپى.

⑤ پېللىيوت، سىلۋېن. لېۋى: «توخار تىلى توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 42 - بەتكە قاراڭ.

⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992 - يىل 1 - سانىغا قاراڭ.

⑦ كۇمراجىۋا (344 - 413) - كۇچالىق مەشھۇر بۇددا ئالىمى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، بۇدداشۇناس، پەيلاسوپ. ئۇ. جېن تى (499 - 569)، شۈەنجۇاڭ بىلەن بىللە «جۇڭگو بۇددا دىنىنىڭ ئۈچ ئاتاقلىق تەرجىمە ئۇستىسى» دېگەن شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

كۇمراجىۋا دەسلەپ بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىنى، كېيىن ماھايانا مەزھىپىنى ئۆگەنگەن. ئۇ كۇچا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا بۇددىزم لېكسىيىلىرىنى ئوقۇغان. ئۇ چاغدا كۇچا خانى ئاقارى پاك قەشقەر ۋە تۇرپان (قاتىل) خانلىقلىرى بىلەن ئىناق ئىدى. قاتىل خانى ئۇنىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ لېكسىيە ئوقۇغاندا، ئالتۇندىن ياسالغان شىر شەكىللىك تەختتە ئولتۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەن (365 - 384) نىڭ سەركەردىسى لۈي گۇاڭ 382 - يىلى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كۇچانى ئىشغال قىلىپ، ئاقارى پاك خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى ئاقارى چىننى خان قىلىپ، 38 ياشلىق كۇمراجىۋانى ئەسىر سۈپىتىدە لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي) غا ئېلىپ بارىدۇ. كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋچاڭ 384 - يىلى فۇجيەننى ئۆلتۈرىدۇ. لۈي گۇاڭ ياۋچاڭنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىنكى لياڭ خانلىقىنى قۇرىدۇ. كېيىن، كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋشىن تەختكە چىقىپ 3 - يىلى (402 - يىلى) ئادەم ئەۋەتىپ كۇمراجىۋانى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) گە ئالدۇرىدۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئالىمنىڭ ئىلمىي ھاياتىدا يېڭى گۈللىنىش باشلىنىدۇ. ئۇ چاڭئەندە 800 كىشىگە باشچىلىق قىلىپ، 384 جىلدلىق بۇددا نوم - سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلىدۇ. كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ، 413 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 70 يېشىدا چاڭئەندە ۋاپات بولىدۇ.

⑧ سۇجۇپ - كېيىنكى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇۋۇدىنىڭ شىمالىي تۈرك ئاغىچىسى ئاسىنا سۇيۇم بىلەن قارا قۇرۇمدىن چاڭئەنگە كىرگەن كۇچالىق مۇزىكا ئۇستازى، بەرباب چالغۇسىنىڭ ماھىرى، مۇزىكا نەزەرىيىچىسى. پادىشاھ جۇۋۇدى (561 - 578) تەختتە تۇرغان يىللىرى ئارىسىدا چاڭئەنگە كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى كۇچادا «مۇزىكا پىرى» دەپ ئاتالغان. سۇ جۇپنىڭ «بەش تارانە،

يەتتە ئاۋاز قانۇنى» بولغان. ھەر بىر تارانە (That) بىر ئاھاڭ شەكلى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن يەتتە ئاۋاز باسقۇچىغا بۆلۈنۈپ، جەمئىي 35 ئاۋاز بۆلەكلىرىگە ئايرىلغان.

بۇ يەتتە ئاۋاز «12 رىتىملىق كۇي قانۇنى» كۇچا مۇزىكىسىنىڭ كۆيشۇناسلىق نەزەرىيىسى بولۇپ، ئومۇمىيلىق جەھەتتىن پۈتۈن غەربىي دىيار مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان. تۇرپان، قەشقەر، خوتەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكىلىرى ئەنە شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان. تارىخىي جەھەتتە سۇجۇپ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ 12 رىتىملىق كۇي قانۇنى ھىندىستان ۋە ئەرەب ئاۋاز قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن كۆپ قەدىم.

سۇي ۋېيدى ۋاقتىدا، جىن يى، ۋەن باۋچاڭ قاتارلىقلار مۇزىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاندا، سۇجۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۇي قانۇنىنى ئاساس قىلغان. بۇ جۇڭگو مۇزىكا تارىخىدا لى يەنئىيەندىن كېيىنكى يەنە بىر زور ئىلگىرىلەش بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناس سەي يۈەندىڭ (1135 ـ 1198) كۇچا مۇزىكا ئاھاڭىنى ئاساس قىلىپ مۇزىكا ئىشلىگەن.

⑨ مەلىكە ئاسىنا ـ مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى ئالتايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن داڭلىق مۇزىكانت، ناخشىچى ـ قوشاقچى. 568 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىدىكى نام ـ شۆھرىتىنى ئاڭلىغان شىمالىي جۇ خانى جۇۋۇدى كۆك تۈرك خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكە ئاسىنانى چاڭئەنگە ئەكەلدۈرگەن. شۇ چاغدا مەلىكىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان 300 دىن ئارتۇق مۇزىكانت، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ۋە باشقا سەنئەتكارلار غەربىي دىيارنىڭ 12 خىل چالغۇ ئەسۋابىنى، 470 دىن ئارتۇق نەغمە، ئۇسسۇللىرىنى چاڭئەنگە بىللە ئېلىپ بارغان. مەلىكە ئاسىنا چاڭئەندە دۆلەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل بەزمىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، چاڭئەن سەھنە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم تۆھپە قوشقان.

⑩ بەي جىژتوڭ ـ كۇسەنلىك مەشھۇر مۇزىكانت. ئۇ 568 ـ يىلى شىمالىي جۇ خانى جۇۋۇدىنىڭ ئاغىچىسى ئاسىنا بىلەن بىللە چاڭئەنگە بارغان. 570 ـ يىلى ئوردا مۇزىكانتلىرىغا باش ئوقۇتقۇچى بولغان. بەي جىژتوڭ مۇزىكا ئىجاد قىلىش، نوتا يېزىش جەھەتتە يۇقىرى تالانتقا ئىگە بولۇپلا قالماي، مۇزىكا نەزەرىيىسىنىمۇ كامىل بىلەتتى. ئۇ، كۇسەنىڭ «بەش تارانە، يەتتە ئاۋاز قانۇنى» نى چاڭئەنگە تونۇشتۇرغان. بەي جىژتوڭ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئوردا مۇزىكا ئۇستازى، باش ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ نەچچە يۈز مۇزىكا ئىجاد قىلغان ھەم بىر قانچە يۈز ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ، جۇڭگو سەنئەت تارىخىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان.

⑪ بەي مىندا (ئاقارى ماندا) ـ سۇ جۇپقا ئەگىشىپ كەلگەن كۇچا مۇزىكانتلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان كۇچا مۇزىكانتى. ئۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ داۋاملىق مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان.

سۇي ياڭدى پادىشاھ (605 ـ 618) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەي مىندا ئۇنىڭ «ياشا»، «پەرىزاتنىڭ مېھمان بولۇشى»، «قەدىم ئوردىغا قايتىش»، «شادلىق گۈلى» قاتارلىق 15 نەزمىسىگە نەغمە ئىشلەپ بەرگەن. بۇنى سۇي ياڭدى ئۆز ئەھرەملىرى بىلەن ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ: «كۆپ مۇزىكا ئاڭلاش بەجايىكى كۆپ كىتاب ئوقۇماق» دېگەن. بەي مىندا يەنە «12 مەۋسۇم نەغمىسى» قاتارلىق

مۇزىكىلارنىمۇ ئىشلىگەن. تاڭ مىڭخۇاڭنىڭ «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» ناملىق نەزمىسىگە نەغمە ئىشلەپ داڭ چىقارغان.

⑫ فېي شىنغۇ (پەلىپورتومار) ـ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان قەشقەرلىق ئاتاقلىق بەرباپ ماھىرى، مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى. پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن غەربىي دىيار مۇزىكانتلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «ئانىنى سۇمۇرغ»، «سېغىنىش كۈيى»، «نۇسرەت تاپقان يىگىت» قاتارلىق نەغمىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارالغان.

⑬ ساۋ پولومىن (بىراخمان سەلزى) ـ غەربىي جىن سۇلالىسى (263 ـ 316) دەۋرىدە دادىسى ساۋ ھەم 30 دىن كۆپ مۇزىكانت، رەسسام، ناخشا ـ ئۇسسۇلچى ئۇستازلار بىلەن بىللە سەمەرقەندتىن چاڭئەنگە بارغان توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى غەربىي دىياردا كاتتا باربىت ماھىرى بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەي چاڭئەندە شۆھرەت قازىنىپ ئوردا مۇزىكانتى ھەم ئوردا مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان داڭلىق باربىت ماھىرى بولۇپ، شۇ چاغدا ئادەتكە ئايلانغان بۇددا مۇزىكىلىرىنى چېلىپ شۆھرەت قازانغان. كېيىن جىن سۇلالىسى خانى جىن خۇيدى (259 ـ 306) ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە مۇزىكا ئىجاد قىلىش، ساز چېلىش، سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولغان. شۇ جەرياندا ئۇنۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىتىپ، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور تۆھپە قوشقان.

⑭ ساۋمياۋدا ـ شىمالىي چى (479 ـ 502) دەۋرىدە چاڭئەندە مەشھۇر باربىت ماھىرى ساۋزىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى ساۋپولومىن، دادىسى ساۋزىنىڭ ئەينى زاماندا چاڭئەندىكى ئەڭ داڭدار سەنئەتكارلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ شىمالىي چى ئوردىسىدا ئىجاد قىلغان «غەمسىز كۈي» ناملىق مۇزىكىسى خان تەرىپىدىن 5000 تىزىق ئاقچا بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭغا «غەمسىز تەگرىزادە» دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ شىمالىي جۇ ۋە سۇي سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئالىي مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ۋەزىر دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان. بىر نەچچە مىڭ سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەچكە «سۇينامە»، «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى»، «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىق تارىخنامىلاردىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

⑯ «سۇينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، خەنزۇچە 15 ـ توم 379 ـ بەتكە قاراڭ.

⑰، ⑱، ⑲، ㉓، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرىگە قاراڭ.

⑳، ㉑، ㉒ جۇ جىڭباۋ: «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 1 ـ سانىغا قاراڭ.

㉔ ئەبۇناسىر فارابى ـ ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئالىمى، ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ پەيلاسوپ. ئۇ 870 ـ يىلى قارا خانىلار خانلىقى تەۋەسىدىكى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بالاساغۇن ۋىلايىتىگە قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 950 ـ يىلى 80 يېشىدا دەمەشقتە ئالەمدىن ئۆتكەن. قەبرىسى ھازىرمۇ دەمەشقتە. ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە مۇزىكا توغرىسىدا بىر قاتار قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ قالۇن، ئود قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى ئىسلاھ قىلغان. «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دا ئۇنىڭ راك، ئوششاق، ئۆز ھال

www.uyghurkitap.com

مۇقاملىرى ئۈستىدە ئىشلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

⑳ ئىبىن سىنا (980 ـ 1037) ـ ئاتاقلىق تىببىي ئالىم، مۇتەپەككۇر. ئۇ «كىتابۇششىفا»، «كىتابۇنناجات» قاتارلىق مۇزىكىغا دائىر ئەسەرلىرىدە تۈرلۈك كۈيشۇناسلىقىدىكى 12 تۈركۈملۈك كۈي شەكلىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ كۈي ـ ئاھاڭلارنى ئۆز شەكىللىرى بويىچە تەشكىللەش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 12 خىل ئاساسىي كۈي شەكلىگە مۇجەسسەملەش كېرەك، دەپ قارىغان.

㉑ مۇقام سۆزى مۇزىكا مەنىسىدە ئىككى چۈشەنچىنى بېرىدۇ. بىرىنچىسى، ئاھاڭ شەكلى (Ton) ياكى كۈيچىلىك قانۇنىيىتى (تېمپېرا مېنتولوگىيە) چۈشەنچىسى؛ ئىككىنچىسى، ئايرىم نەغمە، ئەلنەغمە (ناخشىلىق مۇزىكا) ياكى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق ئەسەر چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت.

## قوشۇمچە: كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىن پارچىلار



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




▲1994 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شائىر، مۇقام ئۇستازى ئامانىساخان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەكىت ناھىيە غاز كۆل يېزا مەدەنىيەت مەركىزىدە «كىچىك ئامانىسا» ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئامانىساخان مىلادى 1534 - يىلى مەكىت ناھىيە غاز كۆل يېزا قومۇش مەھەللە كەنتىدە سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قېزىش، رەتلەش، بېيىتىشقا زور تۆھپە قوشۇپ، «مۇقام ئۇستازى» دەپ شۆھرەتلەنگەن. 1992 - يىلى يەكەندە ئۇنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇ قېتىم ئۆز يۇرتى غاز كۆلدە «كىچىك ئامانىسا» ھەيكىلى تۇرغۇزۇلدى.

ھەيكەلنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى ھوشۇر، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھىنۇر قاسىم قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن سەنئەتكارلار، يازغۇچى، شائىر، كومپوزىتور، تەتقىقاتچىلار قاتناشتى.

**خۇدا بەردى ئابدۇللا**

▲ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 20 - ئەسىردىكى كىلاسسىك ئۈسسۇللىرىنى باھالاش 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بېيجىڭدە ئاياقلاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۈچ ئەسەر كىلاسسىك ئەسەرلەر بويىچە «ئالتۇن ھەيكەل» مۇكاپاتىغا ۋە كۆرسىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئۇستازى، مەرھۇمە قەمبەرخانىم رەتلەپ سەھنىلەشتۈرگەن «تەخسە ئۇسسۇلى» بىلەن ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋەرىزسورى، مەرھۇم ھاجى راھمان ئىجاد قىلغان «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا، ھاجى راھمان بىلەن زەينەپ سىدىق ئىجاد قىلغان «دولان سەنىمى» كۆرسىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى، جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان بۇ پائالىيەت جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئۇسسۇل تارىخىدىكى كەڭ كۆلەملىك كاتتا پائالىيەت بولۇپ، بىر نەچچە مىڭ ئۇسسۇل باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ ھازىرقى زامان جۇڭگو ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، سەنئىتىنىڭ بارغانسىرى يۈكسەكلىككە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى.

**ۋەن يۇڭ، شيې يۈگۈي**

▲ شىنجاڭ «ئاق تېرەك» ئۇسسۇرلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارا سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىز ئۆسمۈرلىرىگە شان - شەرەپ كەلتۈرمەكتە.

1989 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدا بۇ ئۆمەكتىكى قۇربانجان مېھمانجان بىلەن خاتىمە ئۆمەر ئورۇندىغان «قىزىلگۈل غۇنچىسى» ناملىق داپ ئۇسسۇلى 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، «قوڭغۇراق جىرىڭلايدۇ» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل بىلەن «ئاق - قارا قوزىچاق» ناملىق ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل 3 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا؛ 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مۇزىكا كۆرىكىدە قۇربانجان مېھمانجان ئورۇندىغان داپ پەدىسى 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا؛ 1992 - يىلى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئۆسمۈرلەر ناخشا مۇسابىقىسىدا بۇ ئۆمەكتىكى ئىليار مۇتەللىپ بىلەن رەناگۈل ئورۇندىغان «ئاق بۆجەن» ناملىق ناخشا 2 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا؛ 1991 - يىلى جۇڭگو باللار كىنو ستودىيىسى ئىشلىگەن، قۇربانجان مېھمانجان، خاتىمە ئۆمەر، گۈلىستان قاتارلىق ئۆسمۈر ئارتىسلار ئاساسلىق رول ئالغان «ئىدىقۇتتىن كەلگەن داپچى بالا» ناملىق رەڭلىك ھېكايە فىلىمى بىرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىنو بايرىمىدا «ئالتۇن ئېيىق» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ ئۆمەكتىن تاللانغان 13 نەپەر ئۇيغۇر ئۆسمۈر 1994 - يىلى 7 - ئايدا شاڭخەيدە، 9 - ئايدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا باللار فېستىۋالىدا «گۈللۈكتىكى كېپىنەكلەر»، «بەختىيار غۇنچىلار»، «ئاق بۆجەن» ناملىق ئۇسسۇللار بىلەن «بالا» دېگەن ناخشىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ گۈللەپ - ياشناۋاتقان سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. M2

**مەرەملىسا خىزىر**

# مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

1995 - يىل 1 - سان، ئومۇمىي 19 - سان

# مەنزىللىك



(ئېپىزوت)



## ئابلىكىم ئابدۇكېرىم

ئاۋۇت بىلەن ساۋۇت ئىدارىغا سايلايدىغان يېڭى باشلىقنىڭ نامزاتىنى تالاش - تارتىش قىلىشىپ سەھنىگە كىرىدۇ.

**ئاۋۇت:** بۇرۇنقى ئىدارىمىزنىڭ باشلىقىنى يۇقىرىدىن بەلگىلەپلا ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىم يېشى توشۇپ پېنسىيىگە چىققىدىغان مۆمىن جۇيجاڭنىڭ ئورنىغا ئۆزى ياش، ئالىي مەلۇماتلىق، ئىسلاھاتتا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە، ئاما ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئادىل باشلىقتىن بىرنى سايلايمىز، دېگىن. ساۋۇت ئاداش، سېنىڭچە كىمنى سايلىساق بولار؟

**ساۋۇت:** مېنىڭچە، مەتقاسىمنى سايلايلىمىكىن دەيمەن.

**ئاۋۇت:** قايسى مەتقاسىمنى دەيسەن؟

**ساۋۇت:** ھېلىقى خوتەنلىك مەتقاسىمچۇ.

## سەھنە ئەسەرلىرى

www.uyghurkitap.com

ئاۋۇت: قويە ئاداش، خوتەنلىك دېگەنچۇ، «بىرنى بىي دەيتمىز، ئىككىنى ئىككى دەيتمىز» دەپ تورۇۋالىدىغان جاھىل خەق ئۇ.

ساۋۇت: ئۇنداقتا مەتقاسىممۇ بولمىغۇدەك. توختاجىچۇ؟

ئاۋۇت: نەلىك نېمە ئۇ؟

ساۋۇت: قەشقەرلىق.

ئاۋۇت: قويە، قەشقەرلىق دېگەننى. بىر چەينەك چاينى تېپىۋالسا، ئون سەككىز مەھەللىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان خەق ئۇ.

ساۋۇت: ئەمسە ئۇمۇ بولمىغۇدەك. ھاجى كېرىم بولامدۇ - يە؟

ئاۋۇت: قايسى ھاجى كېرىمنى دەيسەن؟

ساۋۇت: ئاتۇشلۇق ھاجى كېرىمنىچۇ؟

ئاۋۇت: ئاداش، ئاتۇشلۇقنىڭ باشلىق بولۇپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن.

ساۋۇت: ئاتۇشلۇق شۇنداق يامانما؟

ئاۋۇت: ئاتۇشلۇق دېگەنچۇ، ئاي شارىغا ئاچچىقسۇ ساتقىلى چىققان خەق.

ساۋۇت: ماڭەۋا ئاداش، ئاي شارىغا ئامېرىكىلىق چىققان تۇرسا.

ئاۋۇت: ئامېرىكىلىق ئەمدىلا ئاي شارىغا چىقىشىغا ئاتۇشلۇق ئاللىقاچان ئاي شارىدىكى سودىسىنى پۈتتۈرۈپ پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ قايتقان گەپ.

ساۋۇت: ياللا، دۇنيادا ئاتۇشلۇق يوق يەرمۇ بارمىدۇ؟

ئاۋۇت: ئاتۇشلۇق دوزاختا يوق.

ساۋۇت: نېمىشقا؟

ئاۋۇت: دوزاختا پايدا يوقتە. ئىش قىلىپ ئاتۇشلۇق بەك يامان خەق جۇما.

ساۋۇت: ئەمسە ھاجى كېرىمنىمۇ سايلىمىساق بولغىدەك. ئۇنداقتا تونىياز قانداقراق؟

ئاۋۇت: كىم ئۇ تونىياز دېگىنىڭ؟

ساۋۇت: ئاقسۇلۇق تونىيازچۇ.

ئاۋۇت: ئاداش، ئاقسۇلۇق دېگەنچۇ، بىر كاۋىنى تالىشىپ تونۇرغا دۈم چۈشۈپ ئۆلگىلى تاس قالغان خەق. شۇڭا تونىيازنىمۇ ھەرگىز باشلىق قىلغىلى بولمايدۇ.

ساۋۇت: ئەمسە زاماندىشىنى سايلامدۇق - يە؟

ئاۋۇت: ھېلىقى غۇلجىلىق زاماندىشىنى دەمسەن، ئۇمۇ بولمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، بۇ غۇلجىلىق دېگەن بارغۇ، قولىقى يوق تەمبۇردىن بىرنى تۇتۇۋالسا، «خانلەيلۇن» غا ۋارقىراپ، زەي سالماي پو ئېتىپ، ئۈچ كۈن تاماق يېمەيدىغان خەق ئۇ.

ساۋۇت: بىر قېتىم گەپ قىلىپ، ئون قېتىم كۈلىدىغان خەق دېگىنە، خۇددى تۈكىنى تارتقان ئۆچكىدەك.

ئاۋۇت: ئەجەبمۇ جايىدا ئوخشاتتىڭغۇ ئۇ خەقنى. مۇبادا ئېزىپ - تېزىپ زاماندىشىنى باشلىق قىلىپ سايلىساق، ئۇ بىزگە يىغىن ئېچىپ قالغۇدەك بولسا: يولداشلار، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، ۋەيت! (مەرەيدۇ) ھازىر يىغىنىمىزنى باشلايمىز، ۋەيت! دەپ يىغىننى ئولتۇرۇشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ساۋۇت: ئۇرۇمچىلىك دىلشات خېلى تۈزۈك نېمىدەك تۇرىدۇ، بولمىسا شۇنى سايلايلى.

ئاۋۇت: ئۇرۇمچىلىكنى قانداق باشلىق قىلغىلى بولىدۇ ئاداشۋا. پۇنى تولا ئىچىپ لاتىلىشىپ كەتكەن نېمىلەر ئۇ. ئەرلىرى پوچى، خوتۇنلىرى نوچى، يۇرتىنى سورۇشتە قىلىپ كەلسەڭ ساپلا تەرمە - يارما خەق دېگىنە ئۇ.

ساۋۇت: دىلشاتمۇ بولمىسا، تۇرپانلىق ئەنەيتولچۇ؟ كېپى قوپال بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى نەرسە ئۇنىڭ.

ئاۋۇت: ھەي ساۋۇت، ئەقلىڭ گەجگەڭگە ئۆتۈپ قالدىمۇ ئاداش. بىلمەمسەن، تۇرپانلىق دېگەن بەك ئەخمەق كېلىدۇ جۇما.

ساۋۇت: قۇمۇللۇق سالىچۇ؟

ئاۋۇت: بولمايدۇ.

ساۋۇت: ئالتايلىق مۇقامەتچۇ؟

ئاۋۇت: بولمايدۇ.

ساۋۇت: كۇچالىق بايىزچۇ؟

ئاۋۇت: بولمايدۇ.

ساۋۇت: چەرچەنلىك بەردىچۇ؟

ئاۋۇت: ئۇمۇ بولمايدۇ.

ساۋۇت: شۇنداق قىلىپ شۇنچە يوغان

گىدارىدا ئۇمۇ بولمىسا، بۇمۇ بولمىسا، ئەمدى
باشلىق بولىدىغان كىم قالدى؟
ئاۋۇت: سەن بىلەن مەن!

ساۋۇت: ئۇنداقتا، سەن نەلىك؟
ئاۋۇت: ئۆزۈڭچۇ؟

1987 - يىل ماي، ئاتۇش

# قۇرۇپ كەتسۇن يۇرتۋازلىق

## (تەنقىدىي ئېيتىشىش)

### مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

1

A: سەن قەيەرلىك؟
B: سەن نەلىك؟
A: سەن قەيەرلىك! ؟
B: سەن نەلىك؟ !
A: ئاكاڭ قارىغاي ئالدىدا
تولا قىلما مەنمەنلىك!
B: غوجىكاڭنىڭ ئالدىدا
قىلما مۇنچە دودەنلىك!

A: مەن سايراملىق
B: مەن بايلىق،
A: مەن چۆچەكلىك،
B: ئالتايلىق.
A: مەن كۇچالىق،
B: يەكەنلىك،
A: مەن داۋانلىق،
B: مەن سايلىق.
A: مەن شايارلىق، بىلىپ قوي،
B: مەن جىمسارلىق، بىلىپ قوي.
A: بەلبېغىمدا خەنجىرىم،
مەن يېڭىسارلىق، بىلىپ قوي.
B: ئەي خوتەنلىك، نېرى تۇر،
A: سەن ئاتۇشلۇق، نېرى تۇر.
B: سار قومۇشلۇق، نېرى تۇر،
A: قارا قۇشلۇق، نېرى تۇر.
B: ئەي قەشقەرى، تۇر چەتتە،
A: ئەي ئىلىلىق، قال دەردتە.
BA: روناق تاپما پەن، ھېكمەت،
تىجارەتتە - ئوقەتتە.
A: سەن قەيەرلىك؟
B: سەن نەلىك؟
A: سەن قەيەرلىك! ؟
B: سەن نەلىك! ؟
A: يالقۇنتاغنىڭ ئوغلىمەن،
مەنسۇپ ماڭا پالۋانلىق!
B: تارىملىق مەن، خاس ماڭا
شاھزادىلىق - سۇلتانلىق!

2

يەكلەشتۇقا - يەكلەشتۇق،
يول توراشتۇق، چەكلەشتۇق.
كىمنى پۈتلاپ، جەينەكلەپ،
كىملەر بىلەن ئەپلەشتۇق؟
كىمنى ئېلىپ قارىغا،
ئاتالمىساق «خەپ» لەشتۇق؟

شىر، ئارسلان، چىلبۆرى
ياشالايدۇ بىر تاغدا.
ياشالمايدۇ نېمىشقا
ئالتە ئۇيغۇر بىر باغدا؟
يۇرتۋازلىقنىڭ دەستىدىن
قالمىغانمۇ بىز داغدا؟
نائىناقلىق دەردىنى
شۇنچە تارتتۇق، تارتمايلى.
يۇرتۋازلىقنىڭ دەستىدىن
ھالاكەتكە پاتمايلى.

☆

A: سەن قەيەرلىك؟
B: مەن ئۇيغۇر.
B: سەن قەيەرلىك؟
A: مەن ئۇيغۇر.
BA: ۋارقىرايلى: ھەممەيلەن
قان - قېرىنداش، دەپ مەغ
رۇر.

MI



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىزدىكى ئىللەتلەر





## نىزامىددىن ھۈسەيىن

ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس
- ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

بىزدە تارىخىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ئۆتكەن زامانلىرى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى شارائىتلىرى، ئۇلۇغ كىشىلىرىمىزنىڭ تارىختا قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراسلىرى... ھەققىدە ئېغىز - ئېغىزغا تەگمەي سۆزلەيدىغانلار بەك جىق. بۇ، بىزدىكى «مىللىي غۇرۇر» چىلىق. ئەمما لېكىن، بىزنىڭ قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن - يارالغاندا يېپىشقان مەۋجۇت ئىللەتلىرىمىزنى ئەسلەيدىغان، سۆزلەيدىغانلار بەك ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك. سەۋەب: كىشىلىرىمىز «نومۇسچان»، «قەدىرى - قىممەت ئېگىسى» بەك «كۆچلۈك».

تۈنۈگۈن - بۈگۈننىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. قورۇق كاللىنى غاجاۋەرسەڭ ئاچ قالغىنىڭ قالغان. مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا دادام ماڭا: «بىز خەقنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى سىلەرگە مەنسۇپ» دەيتتى. كېيىن مەن ئوغلۇمغا: «بىز خەقنىڭ ئىستىقبالى سىلەرگە مەنسۇپ» دېدىم. ھازىر ئوغلۇمۇ ئوغلىغا: «بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز سىلەرگە مەنسۇپ» دەۋاتىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مۇشۇنداق

ئەينەك

كېتمۇرسەك قايسى ئەۋلادقا يەتكەندە بىز خەقنىڭ ئىستىقبالى ياخشىلىنار؟ دەۋرىمىز يېڭىلىققا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بىزمۇ يېڭىلىققا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىمىزمۇ؟

مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلەر ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز باھا بەرگەندە، تەلەپ قويغاندا، ئۆتمۈش دەستەكلىرىمىزنىڭ قىممىتى، ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئەمەس، ھازىرقى ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدە شاللىنىپ تۇرۇش تەقدىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان مەۋجۇت تۇرق - ھالىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خارەكتېرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز زادى قانداق؟

مېنىڭچە، بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز تازا ساغلام ئەمەس (قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن قالاقلىق - نادانلىقنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئېغىر). بۇ روھىي ھالەت - شەخسلەرنىڭلا روھىيھالىتى ئەمەس، سىياسىي روھىي ھالەتمۇ ئەمەس، بەلكى شەخستىن سىرتقى، سىياسىي ھاياتتىن ھالقىغان، پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى. بۇنى بىز ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئېتىراپ قىلمىساق، چۈشەنمىسەك (قالاقلىق، جاھىللىق، نادانلىق چىرمىۋالغان روھىي ھالىتىمىز توغرىسىدا ئېنىق ئېتىراپ قىلىش بولمىسا) بىزنىڭ زەبۇن چاغلىرىمىز داۋاملىشىۋېرىپ، تارىخنىڭ ئەنئەنىسىگە قايتىشىمىز، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز، مىللىي ئىستىقبالىمىزنىڭ پارلاق بولۇشى ئەبەدىي مۇمكىن بولمايدۇ. بىزدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ بەزىبىر ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە بولماقتا:

## بىزدىكى پىتىشماسلىق

باشقىلار بىزنى «پىتىشمايدىغان خەق» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. ۋۇجۇدىمىزدا ئىتتىپاقلىق تىنىقى، ئۇيۇشۇش تىنىقى يوق، ئۈچ - تۆتىمىز بار يەردە پىتىشماسلىقنىڭ بولغىنى بولغان. پىتىشماسلىق بولمىغان ئۇيغۇرلار تۇرالغۇلىرى يوق.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يۈز بېرىدىغان ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي پاجىئەلەر، ئەرز - شىكايەتنامىلار، دەۋا - دەستۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا شۇ پىتىشماسلىققا باغلىنىدۇ. بۇ خىل قىسمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن كېلىپ چىققان ئەڭ قەبىھ ھادىسىلەر، پاجىئەلەر - مىللىي بارلىقىمىزنىڭ ئەڭ ئېغىر داغلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنى سۆزلەڭ دېسە، ئۇنىڭ چوڭ ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغانلار جىق. ھەتتا يوغان - يوغان كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقالايدىغانلارمۇ بار. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن بۇ ھالەتنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدۇق. سەۋەبى نەدە؟ سەۋەبى: بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاز دېگەندە 365 «مەزھەپ» بار. ئۇنىڭ بىر بۆلۈمى - **بىزدىكى ئىچكى چىقىشالماسلىق - پارچىلىنىش، يەكلىشىش، كۆزنى سورىماسلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ... قا مەنبە بولۇپ تۇرىدىغان «لىق»، «لىك» چىلىق.**

«لىق»، «لىك» چىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز «رەقىب» لىرىنى - «يات يۇرتلۇق» لارنى يەكلەيدۇ. ئۆي - ئۆيدە، مەھەللە - مەھەللىدە، يۇرت - يۇرتتا ھەتتا پۈتۈن ئالەمدە بۇ «مەزھەپ» لەر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەھەللىۋازلىق، كەنتۋازلىق، يېزىۋازلىق، ناھىيىۋازلىق، ۋىلايەتۋازلىق، تۇغقاندارچىلىق، ئۇرۇق - قەۋمبازلىق ... لار ئاشۇ خىل تەسىرلەرنىڭ شاخ - پۇتاقلىرى. بۇنداق شاخ - پۇتاقلار ئالدىدا بىزدىكى «مىللىي روھ»، «مىللەت»، «ۋەتەن»، «خەلق»، «بىرلىك»، «ئىستىقبال»، «تەرەققىيات» ... دېگەنلەر ئاقمايدۇ. يەنى ئۇ خىل شاخ - پۇتاقلار يۇقىرىقى ئۇقۇملارنىڭ ھەر قانداقىنى بېسىۋالىدۇ.

مەن 1940 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاغىلىقتىن كېلىپ يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىدە بىر مەزگىل ئوقۇغانىدىم. يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرىدىن يىغىلغان 200دەك ئۇيغۇر ساۋاقداش بىللە ئوقۇيتتۇق. مەكتەپنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋەت ئېقىمى - ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلارغىچە ھەممىمىز «يەكەنلىك»، «قاغىلىقلىق»، «مەكىتلىك»، «پوسكاملىق» لار بويىچە سەپكە بۆلۈكلۈك ئىدۇق. يەكەنلىك - يەكەنلىكلەرنىڭ، قاغىلىقلىق - قاغىلىقلىقلارنىڭلا كەتمىنىنى چاپىدىغان، مەكىتلىك - مەكىتلىكلەرگە، پوسكاملىق - پوسكاملىقلارغا يانباسىدىغان بۇنداق بۆلۈنمە سەپلەر - بىر - بىرىگە زىت، پەقەت مۇرەسسە، مادارادا بولمايدىغان، بىر - بىرى بىلەن ئەستايىدىل، جان تىكىپ ئېلىشىدىغان، بىرى ئوت، بىرى سۇ بولۇپ تۇرىدىغان «شەكىلسىز تەبىئىي سەپ» لەر ئىدى.

بىزنىڭ سىنىپىمىزدا بەش قاتار پارتا بولۇپ، 20 بالا تۆتتىنلا ئولتۇراتتۇق. سىنىپىمىزنىڭ مەسئۇلى، قاغىلىقلىق تاشكەنتچى X ئەپەندى بالىلارنىڭ سىنىپتا ئولتۇرۇش رېتىمىنى بېكىتكەندە ئالدىنقى بىرىنچى رەتنى بىز قاغىلىقلىق تۆت بالىغا بېكىتىپ بەرگەن. ئەڭ ئارقىدىكى پارتىنى بولسا، يەكەنلىك تۆت بالىغا قالدۇرغان. باشقا سىنىپلارنىڭ پارتىلىرىمۇ مۇئەللىمگە قاراپ ئەنە شۇنداق «قاغىلىق»،

«يەكەن»، «مەكىت» . . . لەر بويىچە بۆلۈكلۈك ئىدى. دېمەك، بىزنىڭ تاشكەنتچى ئەپەندىمىز بىز قاغىلىقلىق باللارنى «ئۆز» بىلىپ ۋاپا قىلىپ، سىنىپنىڭ ئالدىنقى قاتارىنى ئېلىپ بەرگەن. ئۆزى «يەكەنلىك» دەپ قارىغان باللارنى «يات» بىلىپ سالقىن مۇئامىلە قىلىپ، سىنىپنىڭ كەينى قاتارىدىن ئورۇن بەرگەن. مەكتىپىمىزنىڭ باشقا يەرلىك ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بۇنداق ئىشتا بىزنىڭ تاشكەنتچى ئەپەندىمىزدىن ھەرگىز كېيىن قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەركىم «ئۆز» يۇرتلۇقلىرىنى «ئۆز كۆرۈش»، «غەيرىي» يۇرتلۇقلارنى «غەيرىي كۆرۈش» ـ «قول ئىچىگە ئېگىلىش» ـ مەكتەپنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، تۇرمۇش، ئىمتىھان، مۇئامىلە، خىزمەت . . . تارىخىنىڭ جەريانى ئىدى. دېمەك، بىز بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتىدىن «ئۆز يۇرتلۇق ئوبدان»، «باشقا يۇرتلۇق ئەسكى» نى، يەكەنلىكنى «قانجۇق»، قاغىلىقلىقنى «غالچا»، پوسكاملىقنى «پوقاق»، مەكىتلىكنى «دولان» دېيىشنى ئۆگىنىپ ـ بىلىپ چىققاندۇق. مەن 1947 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا بۇ مەكتەپتىن ئىمتىھان بېرىپ «شىنجاڭ دارىلفونونى» (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆنىڭ بۇرۇنقى نامى) غا ئوقۇشقا كەلدىم. 1950 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئوقۇدۇم. بۇ مەكتەپتىمۇ يەنىلا شۇ «قەشقەرلىق»، «يەكەنلىك»، «خوتەنلىك» گېپى. «ئۆز يۇرت»، «باشقا يۇرت» چىلىق دېگەن تېخى شۇ يەردە ئىكەن. مەكتەپتە ئىشلىگ نېمە؟ خوتەنلىك يەكەنلىكنى سۆكۈش، قەشقەرلىق خوتەنلىكنى بوزەك ئېتىش، «قەشقەرلىق نوچى»، «ئاقسۇلۇق نوچى» . . . لارنىڭ يۇرتۋازلىق جېدىلى ئىدى. 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەكتەپتە بىر قېتىم «قەشقەرلىق نوچى» لار بىلەن «يەكەنلىك نوچى» لارنىڭ جېدىلى چىقتى. سەپ ـ سەپ بولۇپ مۇشتلاشتۇق. ئاقىۋەت يەكەنلىكلەر قەشقەرلىقلەرنى ئۇرۇپ يانقۇزۋەتتى، تۆت يەكەنلىك بالا بۇ ئىشتا جازالاندى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە «قەشقەرلىق نوچى» لار شۇ چاغلاردىكى «رۇس كۇلۇبى» ئەتراپىدا بىر قىسىم ئارغۇنلار (خەنزۇ ـ رۇس چېتىلىشىدىن تۆرەلگەن پروتكىلار) نى «مېھمان» قىلىپ، ئۇلارغا «يەكەنلىك نوچى» لارنى قاتتىق ئۇرغۇزۋەتتى. يەكەنلىكلا بولىدىكەن (ئۇ چاغدا يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرى بىر ۋىلايەت ـ يەكەن ۋىلايىتى ئىدى) ھازىرقى ئۈچتاش (كونا ياڭخاڭ) تەرەپلەردە يالغۇز يۈرەلمەيدىغان قىلىۋەتتى. كېيىن يەكەنلىك «نوچى» لارمۇ گومىنداڭ ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ نەنلياڭ تارمىقىدىكى ساقچىلىرىغا «چاي» بېرىپ، قەشقەرلىق «قىزىل پاچاق»، «نوچى» لاردىن ئۆچىنى قولغا ئالغۇزۋېتىپ ئۆچىنى ئېلىشتى.

قىسقىسى، يەكەن دارىلمۇئەللىمىندە بولسۇن ياكى «شىنجاڭ دارىلفونون» دا بولسۇن بىز «ئۇيغۇر» دېگەن گەپنىڭ ئورنىغا «ئۆز يۇرتلۇق»، «باشقا يۇرتلۇق»، «قەشقەرلىق»، «خوتەنلىك» . . . دېگەن تەپرىقىچىلىقنى ئوبدان ئۆزلەشتۇرۇپ، يۇرت ـ يۇرتلار بويىچە ئۆز ئارا بىر ـ بىرىمىزنى ئەدەبلەشنى، بىرىمىز يەنە بىرىمىزنى يوقىتىشنى كۆڭۈللىرىمىزگە پۈكۈپ «زامانىمىزنىڭ زىيالىيلىـــرى» بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىپ كېتىشتۇق. ئۇ ئاقىۋەت بىزنىڭ ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئالغاندا ئۆمۈر قارىشىمىز، جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئالغاندا كىشىلىك قارىشىمىز، مۇناسىۋەت قارىشىمىز ۋە ئەخلاق قارىشىمىز بولۇپ قېلىشۋەردى.

ئەپسۇس، مېنىڭ گۆدەك ۋاقتىمدىلا ئۆيۈمدە ـ دادام، ئانامنىڭ تىلى بىلەن ۋۇجۇدۇمغا كىرگەن بۇ ئاڭ مېنىڭ كېيىنكى 60 نەچچە يىللىق ئۆمۈر مەنزىلىمدە مەن بىلەن تەڭ ساقلىنىپ (بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە سۇسىيىپ، يوقالماي) بالا ـ چاقا، جەددى پۇشتۇمغىچە تەسىر ئۆتكۈزۈپ، تۇگەش ئورنىغا يېگىلىنىپ «شېرىن زەھەر» لىك كۈچىدىن قالماي كېلىشۋەردى.

مېنىڭچە، بۇنداق ئاڭ ئىلكىگە چۈشمىگەن ئۇيغۇر پۈشتى بەلكى بولمىسا كېرەك.

مەن 1992 ـ يىلى كۆزدە ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە بىر قىسىم قەشقەرلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن غۇلجىلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككى قاش بولۇپ قاتتىق سوقۇشۇپ كەتكىنىنى كۆردۇم. بۇ سوقۇشتا بىر ياتاقتا بىللە ياتىدىغان قەشقەرلىق X بىلەن غۇلجىلىق X نىڭ گەپ تالىشىپ سوقۇشۇپ قالغانلىقى سەۋەب بولغان. سوقۇشتا غۇلجىلىق X قا تەڭ كېلەلمىگەن قەشقەرلىق X «ئۆز يۇرت» لۇقىدىن تۆت، بەشنى چاقىرىپ غۇلجىلىق X نىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى بولغان. لېكىن غۇلجىلىق X مۇ بوش كەلمەي «ئۆز يۇرت» لۇقىدىن بىر نەچچىنى ياردەمگە چاقىرغان. بىردەمدە مەكتەپتە «قەشقەرلىق» بىلەن «غۇلجىلىق» جېدىلى كۆتۈرۈلگەن. «ئۇرە قەشقەرلىقنى. . .»، «سالە غۇلجىلىقنـــى. . .» بوپكەتكەن. ئاقىۋەت ئۈچ، تۆت بالا مۇشت، پەشۋا زەخمىسىدە يېتىپ قالغان. مەكتەپ جېدەلنى ئاران بېسىقتۇرۇپ، ئون نەچچە بالىغا مەكتەپ جازاسى بەرگەن. مانا بۇ «لىق»، «لىك» جېدىلى. تالاپەت كۆرگەنلەرنىڭ گۇناھلىرى: بىر تەرەپ «قەشقەرلىق»، يەنە بىر تەرەپ «غۇلجىلىق» بولغانلىقىلا.

1991 ـ، 1992 ـ يىللىرى بىزدىن ھەرەمگە بارغان ئۇيغۇر ھاجىلارنى ھەرەمدە يەرلىشىپ قالغان

بىر قىسىم باي ئۇيغۇرلار «خۇدايى ساۋاب»لىق ئۈچۈن خەيرىدارلىق قىلىپ كۆتۈۋالغاندا، «خوتەنلىك» بايلار خوتەنلىكلەرنى، «غۇلجىلىق» بايلار غۇلجىلىقلارنى، «ئاقسۇلۇق» بايلار ئاقسۇلۇقلارنىلا كۆتۈۋېلىپ، خەۋەر ئېلىپ ئۇزاتقان. ئۇ يەردە «ئۆز يۇرت»لۇقى يوق ئۇيغۇر ھاجىلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارىمۇ بولمىغان. دېمەك، بۈگۈنكى دۇنياغا يۈزلەنگەن، ئۆزلىرىنى «راۋۇرۇس مۇسۇلمان» دەپ يۈرۈشىدىغان ھەرەملىك ئۇيغۇر بايلارنىڭمۇ يۈرەك قېتىدا يەنىلا «خوتەنلىك»، «قەشقەرلىق»... دېگەن ئۇقۇم «ئۇيغۇر» ياكى «ئۇيغۇر مىللىتى» دېگەن ئۇقۇمدىن ئۈستۈن تۇرغان. تارىختا ئافغانىستاننىڭ پەيزئابات رايونىدا يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتىماستىن «خوتەنلەر»، «ياركەنلەر»، «قەشقەرلەر»... دەپ ئاتاپ كېلىشكىنى ئۈچۈن، باشقا مىللەتلەر ئۇلارنىڭ مىللەت نامىنى «چىن مۇسۇلمانى» دەپ بىلىشكەن.

دېمەك، بىزنىڭ ھەر قانداق يېتەكچىمىز، ئالىم، ئۆلىما، زىيالىي، پېشقەدەم ئۇستازلىرىمىز، داڭدار جامائەت ئەربابلىرىمىزدىن تارتىپ تۆۋەنى مالچى - پادىچىلارغىچە ھەتتا چەت ئەللەردە يۈرگەن بىز خەقلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ خىل «لىق»، «لىك»نىڭ ئىلكىدە، ھېچ بولمىغاندا تەسىرىدە ئۆتۈشۈۋاتىمىز. بۇ ئىللەت سۇسايىمىزدىكى ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ، خالاس.

**بىزدىكى ئۆز ئارا پېتىشماسلىق - ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە شەكلى نادانلىقنى مەنبە قىلغان ئىچى تارلىق، قىزغانچۇقلۇق، ھەسەت - ئاداۋەتخورلۇقتىن ئىبارەت.**

مەن ئۆتكەن يىلى قەشقەردە ئىككى ساۋاقدىشىمنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولۇپ، بىرسىنىڭ ئۆيىگە باردىم. يوقلاپ بىر كېچە قوندۇم. ئەتىسى بۇ ساۋاقدىشىمغا يەنە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىشنى ئېيتتىم. ئۇ: «ئۇنداق قىزىلكۆزنىڭمۇ ئۆيىگە بارامدىغان؟ ئۆتكەندە بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ بارمىدىم... بۇندىن كېيىن قەشقەرگە كەلسەڭ مېنى ئىزدىسەڭ ئۇنى ئىزدىمە، بولمىسا تاشلىشىپ كېتىمىز...» دېدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئالىي مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى، تېخى بىر يۇرتلۇق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىنى شۇنچىۋالا ئۆچ كۆرىدۇ؟

ئەپسۇس، بىزدە بىز خەقنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلار يەنىلا بىز خەق. يەنى ئۇيغۇرنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلار يەنىلا ئۇيغۇرلار. ئۇيغۇرغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان يەنىلا ئۇيغۇر. ئۇيغۇرنى پالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان، چېقىپ قويىدىغان، تۇتۇپ بېرىدىغان... لار يەنىلا شۇ ئۇيغۇرلار. سېنىڭ باشلىقىڭ ئۇيغۇر بولسا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشۇڭ كېرەككى، ئۇ سېنى ئۈستۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئادەم قىسقارتقاندا باشقىلارنى قىسقارتماي پەقەت سېنىلا قىسقارتىۋېتىدۇ. ئۈچ رۇس سودا قىلسا بىر - بىرىگە: «بۇ نۆۋەت سودا سېنىڭ بولسۇن، كېلەر قېتىم مېنىڭ بولسۇن...» دېيىشىدۇ. ئۇيغۇر سودىگەردە بۇ روھ يوق: «سەن 50 سومغا ساتساڭ، مەن 40 سومغا ساتىمەن، سەن 30 سومغا ساتساڭ، مەن 20 سومغا ساتىمەن...» دېيىشىپ بىر - بىرىگە سودا بەرمەيدۇ. تېخى يېقىندىلا مەلۇم بىر قاسساپ بازىرىدا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: باجگىرلار تەكشۈرۈپ سىرتتىن گۆش يۆتكەپ كېلىپ باج تۆلىمەي ساتقان قاسساپ X ئاخۇن ئۇستامنى بىلىۋېلىپ 250 يۈەن جەرىمانە تۆلەتتى. چىدىماي قالغان بىچارە X ئاخۇن ئۇستام كەچقۇرۇن باجگىرلارنى ئىزدەپ تېپىپ سىرتتىن گۆش يۆتكەپ ساتقانلاردىن 13 كىشىنى تىزىملاپ بېرىپ، ئۇلارغىمۇ 9000 يۈەندىن جىقراق جەرىمانە تۆلەتتى.

مەن X ئاخۇن ئۇستامدىن: «ھەممىڭلا بىر ھۆپىگەر، 360 كۈن بىر يەردە بىللە گۆش سېتىپ ئاغىنىدارچىلىق قىلىشىپ ئۆتىسىلەر. ئەجەبا، ئۇلارنى باجگىرگە چېقىشتۇرۇپ شۇنچە كۆپ زىيان سالدىڭىز، بۇ نېمە قىلىق؟» دەپ سورىدىم. ئۇ جاۋاب بېرىپ: «زىياننى مەنلا تارتامدىمەن؟ ئۇلارمۇ تارتىپ بېقىشسۇن» دېدى.

ئۆز ئارا پېتىشماسلىق - ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ، ئىستىلىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن ئەمەس بەلكى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى جاھالەت تەپرىقىچىلىقنىڭ تەسىرىدىن شەكىللىنىپ قېنى، تارىخى، تەقدىرى، ئەنئەنىسى، تىلى، دىنى، مەقسىتى، تەلپىي بىر شۇ زامان بوۋىلىرىمىز كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا جۇملىدىن بىزگە بىرلىكنى، ئىتتىپاقلىشىشنى، ئۇيۇشۇشنى ئەمەس، ئۇنىڭ تەتۈرىنى - بىر - بىرىنى ئۇرۇشنى، بىر - بىرىنى يېقىتىشنى، بىر - بىرىگە ئورا كولاشنى مەرەز مىراس ياكى زامانىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئاتىغاندا پاجىئەلىك سەلبىي مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ ئۆتۈشكەنىدى.

دېمەك، «17 - ، 18 - ئەسىرلىك تارىخىمىزدا بىرمەزگىل يۇرتىمىزغا دىنىي، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن خوجا - ئىشانلار زامانىدا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى خىسلەت، پەزىلەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىشقا، مىللىي روھسىزلىنىشقا يۈزلەنگەن. يەنى سوپى - ئىشانلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ رايى - قىلىقلىرىنى ئۆرنەك ھەم تىرىكچىلىك يولى قىلىپ، يۇرت بىلەن

www.uyghurkitap.com

يۇرت، مەھەللە بىلەن مەھەللە، ئۆي بىلەن ئۆي، ئادەم بىلەن ئادەم مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، جاھالەت بۆلگۈنچىلىكى، جاھالەت تەپرىقىچىلىكى ئىچىدە قوۋلاشماي، پىتنىشماي - بىرى ئوت، بىرى سۇ بولۇپ ئۆتۈشىدىغان بولۇپ كېتىشكەن. . .» (مامۇت ئىسلامىنىڭ «بەلەن گەپلىرى» دىن)

نەتىجە - ئاقىۋەتتە بىز ھەتتا 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغاندىمۇ، ئىچكى جېدەل - ماجىرالىرىمىز بېسىقماي، بەزىدە تېخىمۇ ئەدەپ، پىتنىشمايۋاتىمىز. ئەرزىمەس ئىشقا ئۆچەكىشىپ قالساق، توخۇلىرىمىزنىڭ چىللاشقىنى، ئىتلىرىمىزنىڭ قاۋاشقىنى، ئېشەكلىرىمىزنىڭ ھاڭراشقىنى. . . ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ بىر - بىرىمىز بىلەن يوقلاشماي، سالام - سەھەت قىلىشماي، ھومىيىشىپ، ئۇ «ئەسكى»، بۇ «ئوغرى»، ئۇ «مايماق»، بۇ «قەلەندەر». . . دېيىشىپ ئۆتكىنىمىز ئۆتكەن. «مەندىن ئۆتۈپتۇ» دەيدىغانلار يوق. «بولدى قىل»، «ئۇنداق قىلما»، «توغرا ئەمەس» دېگەندەك گەپلەر ئاقمايدۇ. دېمەككى، بىز ئۆز ئەيىبىمىزنى تونۇشقا ئادەتلەنمىدۇق، خىلمۇ خىل «سەۋەب» لەر بىلەن ئۇنى ياپتۇق، يوشۇردۇق. ئەيىبتىن ئەيىب تۇغۇلۇۋېرىپ يۇرت - يۇرت، ئۆي - ئۆيدە «يوغان گەپ»، «قۇرۇق گەپ»، «يالغان گەپ»، «غەيۋەت گەپ»، «پىتنە - ئىغۋا گەپ»، «پو گەپ». . لەر «ئۆز گەپ» بولۇۋېرىپ توگىمەي ئۆتۈۋەردى - دە، بالىدىن - بالىغا «ئاتا مىجەزى»، «ئانا قىلىقى» مىراسلىمىسى بولۇپ داۋاملىشىۋەردى.

چىقىشىش - بىرلىشىش - بىر ياقىدىن باش چىقىرىش بولمىغان خەلقتە ئىستىقبال - ئامەت، راۋاجلىنىش نېمە قىلسۇن؟

ياش شائىر ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن يازغاندەك:

سەن مېنى پاكار دەپ،
مەن سېنى ناكار دەپ،
بولۇپ كېتەرمىز قايسىمىز قاۋۇل؟

مەن ساڭا چىشىمنى بىلەپ،
سەن ماڭا دوزاخنى تىلەپ،
قايسىمىز كېتەرمىز جەننەتكە ئۇدۇل؟

بولىدۇ، خالاس.

## بىزدىكى ئالا كۆڭۈللۈك

بىز بىر مەھەللە، قولۇم - قوشنا، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقان تۇرۇپمۇ بىر - بىرىمىزگە سىر بەرمەي ئۆتۈۋېرىمىز. مەن قوشنامنىڭ چۈشلۈك روھىي ھالىتىگە قاراپ ئەگىتىپىراق: «چۈشلۈك غىزا يېدىلىمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «يېدىم» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يېمىگەن، قورسىقى ئاچ. «يۇرسىلە ئۆيگە» دېمىسەڭ ئاغرىنىدۇ. مەھەللىڭىزدە نەمۇنىچى سايلاش ياكى ئومۇمىي سايلام بولغاندا، سەن ئۇنى سايلىساڭ: «ياق، مېنىڭ شەرتىم توشمايدۇ، قىلالمايمەن. . .» دەپ ناز قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنى سايلىمىساڭ، سەندىن قاتتىق رەنجىيدۇ. ئۆمۈرۋايەت ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. يېقىن بۇرادىرىڭ سېنىڭ مەھەللەڭگە كېلىپ قالغاندا، ئۆيۈڭگە باشلىساڭ: «ئالدىرايمەن، يەنە مۆرىتى كەلگەندە كىرەي. . .» دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. مەھەللىسىگە بارغاندا بولسا كىشىلەرگە: «ئۇ قەلەندەر مېنى ئۆيىگىمۇ باشلىيالمىدى» دەپ سېنى سۆكىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ دىلىمىز بىلەن تىلىمىز بىر ئەمەس. ئۆز ئارا سىردىشالمايمىز - تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگىچە بىر - بىرىمىزگە سىر بەرمەي ئۆتكىنىمىز ئۆتكەن. بۇ ھەرگىزمۇ «نومۇس» ئۇقۇمىدىكى سىر ئەمەس، «سىرىڭنى بەرمە» دېگەن ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ ئالامىتى.

ئالا كۆڭۈل - ئىككى يۈزلىمە كىشىلەردە بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل خۇسۇسىيەت بار: بىرى، ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتۇش. يەنە بىرى، ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن تۇتۇش. ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلار «ئامىتى» كەلگەندە ئۆزىنى ئاسمانغا ئېسىپ، دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەك ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقانلار بولسا «ئامىتى» قاچقاندا، بۇ دۇنيادا بىر بار، بىر يوق بولۇپ چۈشكۈنلىشىپ قۇل مىجەز، بىقۇۋۇل «نائىنسى» بولۇۋالىدۇ. ھېلىقى ئامىتى كەلگىنى بارا - بارا تېرىسىغا سىغماي ئۆز قوۋم، جامائىتىدىن يۈز ئۆرۈپ يەنىمۇ ئۆرلەشنىڭ ھەر قانداق ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئىزدەشتىن يالتالمايدۇ. يۇقىرىغا قوللۇق، تۆۋەنگە شۇملۇق قىلىدۇ. ئۆرلىگەنگە ئۆلۈپ بېرىدۇ. ئۆرۈلگەننى يەنجىپ

تۈرىدۇ. ياماندىن قورقىدۇ، يۇۋاشنى بوزەك ئېتىدۇ. بۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرىغا ئۆرلەش يولىدا ھېچنېمىدىن ھەتتا ئىزا تارتىشتىنمۇ قورقمايدۇ. سەھنىگە چىقىپ بىر - ئىككى قېتىم ناخشا ئېيتىپ ئادەت چاۋىكى ئاڭلىغانلار «ناخشا چولپىنى»، بىر - ئىككى قېتىم ئەسىرى چىققانلار «يازغۇچى»، چېلىش مۇسابىقىسىدە بىر - ئىككىنى يىقىتقانلار «چېلىش ماھىرى» . . . بولۇپ كېتىشىدۇ. بۇ خىل «ئامەت» تەكرارلانغاندا ئۇلارنىڭ كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ، كاللىلىرى قىزىپ، جاھانغا پاتمايدۇ. ئادەم ياراتمايدۇ. كوچىلارغا چىققاندا كىشىلەردىن سالام، تونۇش چىرايلاردىن ھۆرمەت تەمە قىلىدۇ. سورۇنلاردىن ئۆزىنى «تونۇشتۇرغۇچى» ئىزدەيدۇ. تۆر تالاشقۇسى كېلىدۇ. سالاپەتلىك كۆرۈنۈش قىلىدۇ. ياساپ سۆزلەشكە، ئارىلاپ پو ئېتىشقا ئامراقلىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. يامان كۆرىدۇ. ئېشىپ كەتكەنلەرنى سۆكىدۇ - قاغايدۇ. ئۆزى «يۇقىرى» كۆرگەن، «چوڭ» بىلگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە كۆچۈكلىنىپ خوشامەت قىلىشتا، ئۆزى «تۆۋەن» ۋە «كىچىك» بىلگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ھومىيىپ، گۆلىيىپ؛ مەنسىتمەسلىكتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچقانداق مەخلۇق دۇنيادا يوق.

ئالا كۆڭۈل (ئىككى يۈزلىمە) كىشىلەردىكى يەنە بىر خىل خۇسۇسىيەت: كىشىلەرنىڭ سايىسىدىلا جاھاندارچىلىق قىلىش. ئۇنداق كىشىلەردە ھەق - ناھەقنى ئايرىش، راست - يالغاننى پەرق ئېتىش، ئىنسانىي غايە، ئىنسانىي خىسلەت، نومۇس، غۇرۇر . . . ئىستەكلىرى بولمايدۇ. ماختاش، خۇشامەتكويلۇق، كۆتۈرمىكەشلىك، بىچارىچىلىق . . . ئۇلارنىڭ ماھارىتى. خورلۇقتا تىرىكچىلىك قىلىشتىن سەسكەنمەيدۇ.

مېنىڭ بۇرۇن مەدرىستە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئىككىمىز بىر مەدرىستە ئىككى موللىدا ئوقۇيتتۇق. ئۇنىڭ موللىسى: «بەندە قانچە يۇۋاش، قانچە نامرات، قانچە ھەۋەسسىز (نادان) ۋە «تەقدىر» گە قانچە سادىق بولسا، ئىمانى شۇنچە كامىل بولىدۇ، يېتىشكەن مۇسۇلمان دېگەن ئەنە شۇ. . .» دېگەن «تەلىمات»نى تالىپلىرىغا تەركىسىز سىڭدۈرۈپ تۇرغان ئەڭ تەقۋادار زات ئىدى. مەن ئۆز ۋاقتىدا «كەپسىز»لىك «گۇناھىم» بىلەن مەدرىستىن قوغلىنىپ كەتكەنىدىم. لېكىن مېنىڭ ساۋاقدىشىم بىر ئۆمۈر ئەنە شۇ تەقۋادار موللىسىدىن ئاجرىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ موللا - ئۇستازىنى ماڭا ماختاپ بېرىپ:
«. . . ئۇ زات مېنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارى كۆرەتتى. يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا، تۆگمەنگە، ئوتۇنغا مېنى ئەۋەتەتتى. ئىشىنىپ ئۆيي، ھۇجرىلارنىڭ قۇلۇپ - ئاچقۇچلىرىنى بېرەتتى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا مېنىلا بۇيرۇيتتى. ناماز، نەزىر - نۇزرەت، ئۆلۈم - يېتىم، سەدىقە - پىتىردا يېنىدىن ئايرىمايتتى. پاتىھە داستىخانلىرىدا بىللە بولاتتىم. ئۇ زاتنىڭ كۆشەندىلىرىنى كۆرسەم چايناپ يۇركۈۋەتكۈم كېلەتتى. ياران، ئاشنىلىرىنى كۆرسەم پۇتىغا پايپاق، قولىغا قولقاپ بولۇپ بەرگۈم كېلەتتى. توپتوغرا 30 يىل ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ دۇئاسىنى ئالدىم. ئۇ زات ئالەمدىن ئۆتتى. خۇدايىم بېرىپ ئۇ زاتنىڭ خىسلەت، پەزىلىتى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ، يولى قەلبىمگە ئورناپ، ھازىرغىچە دۇنيادىن غەمسىز، جاپاسىز ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. چاقىرىش - تەكلىپ دېگەنلەر بولسۇن - بولمىسۇن يىراق - يېقىنلارنىڭ جامائەت پاتىھەلىرى (ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - نۇزرەت، سەدىقە - پىتىر، دۇئا - تىلاۋەت. . .) مېنىڭسىز دۇئادىن يانمايدۇ. بۇ راھەتنى ئاتا قىلغان ئاللاغا شۈكرى، زاتى ئۇستازغا ئاللا جەننەت ئاتا قىلغاي. . .» دېدى:

مۇشۇ كۈنلەردە يېشى 60دىن ئاشقان بۇ بىچارە ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆمۈر تارىخىدا نە ئۆي - زېمىن، نە خوتۇن، بالا - چاقا، نە مەھەللە - كوي. . . دېگەندىن ئىزنا يوق. بىر ئۆمۈر دېگۈدەكلا موللىسىدىن ئاشقان تاماقنى يەپ، موللىسىدىن ئاشقان سۆڭەكنى غاجاپ، موللىسىدىن قالغان كىيىمنى كىيىپ، موللىسى ھىجايسا ھىجىيىپ، كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلاپ «قوشۇمچە ئىنسان» سالاپىتىدە كۈن ئۆتكۈزگەن بۇنداق «ئاش قېپى» ئادەمنىڭ قەلبىدە ئادەملىك غۇرۇر، ئەجداد، ئەۋلاد، قوۋم - قېرىنداش، يۇرت، مىللەت، خەلق. . . سېزىمى نېمە قىلسۇن؟ كەيپىياتى خار، نام - ئاتاقتا بىئېتىبار، پەقەت «خوش» دېيىشكىلا كۆندۈرۈلگەن بۇنداق جانلار بىزدە ئازمۇ؟

## بىزدىكى يارامسىزلىق

بىزدە مىللەت خاراكتېرلىك مەغرۇرلۇق (قورقماسلىق روھىي ھالىتى) دېگەندەك يوق. ئىنچىكى باراۋەرلىكمۇ يوق. سەن مېنىڭ خوجايىنىم بولمىساڭ، مەن سېنىڭ خوجايىنىڭ بولمىمەن، دەيدىغان بۇ خىل ھالەت بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئادەملەر باراۋەرسىزلىكىنى، ئاقىۋەتتە ئادەملەر قورقۇمچانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

يەنى قورقۇش - قورقۇتۇش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. دېمەك، قورقۇش - قورقۇتۇش بىزنىڭ روھىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل نېرۋا خاراكتېرلىك جاھالەت.

«... پىر - ئۇلۇغلارنىڭ غەزىپىدىن - زۇلمىدىن، زاماننىڭ خېيىم - خەتىرىدىن، كۈندۈزنىڭ قازاسىدىن، كېچىنىڭ بالاسىدىن، قۇرۇق سۆز - قۇرۇق تۆھمەتتىن، زەخمەتلىك سوئال - سوراقتىن، بالا - قازادىن، دەردتىن - ئەلەمدىن، كۆزى ياماننىڭ كۆزىدىن، تىلى ياماننىڭ تىلىدىن، دىلى ياماننىڭ دىلىدىن، ئىبادەتسىز دۇئادىن، لەنىتى رەھمەتتىن، نەپسى يامان ئىشان - چوڭلاردىن، پېشكەل سوپى - رودىپايدىن، خۇنخورنىڭ كۈلكىسىدىن، ئىنساپسىز خوجىدىن - بەگلەردىن، ئاغرىقتىن - سىلاقتىن ... پاناھ بېرىڭ خۇدايىم...» («جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 4 - سانىدىن)

17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقان جاھالەتچى خوجا - ئىشان «چوڭ»لار زاماندا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز - مېنىڭچە، قورقۇشقا يېتەرلىك ئادەتلەندۈرۈلگەن ئەجدادلىرىمىز قوبۇل قىلغان بۇ «دۇئا»، «ئىلتىجا»لار شۇ زامانلاردىن كېيىنكى ئەجدادلار ھەم زاماندىش يارانلىرىمىزنىڭ روھى، قىسمەتلىرىدە داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن. بىزدە ھېلىمۇ يەنىلا شۇ «دۇئا»، «ئىلتىجا»لارنىڭ تەسىرى قويۇق.

بىزدە بالا تۇغۇلۇپ بۆشۈككە چۈشمەيلا قورقۇش قەدىمىنى باسىدۇ. بۆشۈككە چۈشۈپ تاكى بۆشۈكتىن چىققۇچە قورققاق بوۋاق بولۇپ بولىدۇ. بوينىغا «قورقاق تۇمارى»، «كۆز تۇمارى»... ئاسقىلى تۇرىمىز. بالا تەم - تەم مېڭىپ تالادا ئويناشقا يۈرگەندە دەيدىغان تاپشۇرۇق: «ئاۋايلاپ ماڭ! يېقىلىسەن»، «يىراققا بارما! بىرسى ئەپكېتىدۇ»، «تېز ئۆيگە قايت، ئىت بار...» دەيمىز. كېچىدە يىغلىغان بالىنى «بۆۋ - بۆۋ» كەلدى، «جىن» كەلدى دەپ قورقۇتۇپ ئۇخلىتىمىز. كەپسىز بالىلارنى: «داداڭ ئۇرىدۇ» دەپ قورقىتىمىز. ئىشقىلىپ بالىلارنى قورقۇتۇپ چوڭ قىلىش بىزگە ئادەت. ئورۇنسىز قورقۇتۇشلاردىن بىزار بولمايمىز.

ئاتا - ئانىلارنى بالىلارنى قورقۇتماي چوڭ قىلىڭلار! بالىلارنى بولسا قورقماي چوڭ بولۇڭلار! ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئىنسانلىق غۇرۇرى، ئىنسان تەڭلىكى ۋۇجۇدۇڭلاردىن ئورۇن ئالسۇن... دېگەندەك تۇيغۇ، چاقىرىقلار بىزنىڭ بىر زامانلىق ئىنسانچىلىق تارىخىمىزدا، مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىدى. بالىلارنى قورقۇتۇپ چوڭ قىلىش تەقدىرى ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىۋەردى. ئىلاھ ۋە ئىلاھىي بېشارەتلەردىن، ئىنسانلاردىن، تەبىئەت ساھەلىرىدىن، زامانلاردىن، بار نەرسىلەردىن ۋە يوق نەرسىلەردىن قورقۇپ ياشاش (ئومۇمەن بۇ ئالەمدە پەقەت قورقۇپلا ياشاش) بىزدىكى روھىي ھالەت تەربىيىسى ۋە ياشاش تۇيغۇسى بولۇپ كېلىۋەردى. قورقۇپ ياشاش ۋۇجۇدىمىزغا شۇ قەدەر تەسىر قىلىپ كەتتىكى، ھەقلىق قوغدىنىش، ھەقلىق قارشىلىق بىلدۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئىنسانچىلىق ئىمتىيازىنى قوغداش مۇمكىن بولغان پەيتلەردە، ھەتتاكى قانۇن بىلەن، زامانلارنىڭ ئادالەت ياكى تۈزۈم كۈچلىرى بىلەن قوغدىنىش - قورقماسلىق مۇمكىن بولغان مۇھىت - شارائىتلار ئىچىدىمۇ قورقۇش، تىترەپ ئەيمىنىش بىزدىكى مىجەز بولۇپ قالدى. «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغاندىن، يولۋاستەك بىر كۈن ياشىغان ئەلا» دېگەن تەمسىل بىزگە يات - قورقۇنچلۇق بىلىندى. بۇ، ئىنسانىيەت ئالەمدە ئىنسانلارغا ئوخشاش ياشاشتىن مەھرۇم تۇرۇش - تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ياشىماسلىق، قۇللۇق زېھنى بىلەن ئالەمدىن كېتىش، قەدىرسىز جانلار قاتارىدا دۇنيادىن يوقىلىش، دېگەنلىك ئىدى.

مەن ئەقلىمگە كەلسەم، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى بىر بەگ، بەش يۈز بېشى، 12 ئونبېشى، ئىككى دورغا، بىر دۇۋانبېگى سورايدىكەن. يۇرتىمىزدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق پۇقرا شۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىپ (سورىغىنىنى بېرىپ، بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، قىسقىسى نېمە دېسە ماقۇل دەپ) پۇقرادارچىلىق قىلىدىكەن. بىزنىڭ ئۆيىمىز بەگلىك ھويلىنىڭ يېنىدىراق ئىدى. مەن ھەر كۈنى بەگنىڭ ھويلىسى ئالدىدا بىر نەچچە ئادەمنىڭ تېرەككە ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، يەنە بىر مۇنچە كىشىنىڭ دۈمبالىنىپ تاياق دەردىدە تازىم قىلىپ يىغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. كۈندىلا شۇنداق ئىدى. بەگ بىر يەرگە بارماقچى بولسا، كىشىلەر ئۇنى دولىسىغا دەسسىتىپ كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈرەتتى. نەچچە ئادەم ئەگىشىپ بىللە ماڭاتتى. ئات يۈگۈرسە بىللە يۈگۈرۈپ، توختىسا بىللە توختاپ، بەگ مەنزىلگە يەتكەندە ئات بىلەن بىللە تالادا تۇرۇشاتتى. ئۇلار نېمە ئادەملەر دېسىڭىز، بېگىمگە ئەرزى بارلار ئىدى.

يۈز بېشى، ئونبېشىلارچۇ تېخى؟ ئۇلار دوپپىسىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىدىغان، خەلققە زۇلۇم سېلىشتا بەگدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلار ئىدى. بەگ، يۈز بېشى، ئونبېشى دېگەنلەردىن بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە ھەممەيلەن شۇنداق قورقاتتۇق.

1944 - يىلى بىزنىڭ بېگىمىز ئۆز ھويلىسىدا «بېگىمگە بىھۆرمەتلىك قىلغان» ئىككى ئادەمنى

ئېسىپ ئۆرۈپ پۇت - قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ «گۇناھى» - بېگىم سورىغان قىزنى بەرمىگەنلىك ئىدى. بېگىمنىڭ كۆزى چۈشۈپ ئالتىنچى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان باكىر قىزنىڭ ئاكىسى بىلەن شۇ قىزنىڭ ئاشىقى ئەنە شۇنداق جازالانغانىدى.

بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتتا چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى. ئىچ ئاغرىتىش، يىغا - زار قىلىش قىزىپ كەتتى. ئەمما ھېچكىممۇ بېگىم ئۈستىدە يۇقىرىغا ئەرز قىلىشقا پېتىنالمىدى. بەگكە قارشى چىقىشقا، ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكىمۇ ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەزى كىشىلەر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئەرز قىلىشقا، بەگدىن ئوغلىنىڭ زەخمىسىگە ھەق تەلەپ قىلىشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلار: «خۇدادىن كەپتۇ، قازاغا رىزا ... بولدى قويسىلا...» دېيىشتى. دېمەك، بىزدە قارشىلىق روھى زادىلا يوق ئىدى.

«... ئاپاق خوجا تەخت - سەلتەنەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق، كۈچ ئىمتىيازلىرىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى سۇندۇرۇپ، كۈچ - مادارىدىن تولۇق كەتكۈزۈشكە ھەم ئۇلارنى خۇنخور زالىملارنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قارشىلىقسىز، شەرتسىز، تەخىرسىز، دائىم، تولۇق، يۇۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان «مۆمىن»، مەھكۇم بەندىلەردىن قىلىپ ئۇتتۇشقا ۋە بۇ خىل ھالەتنى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىغا «تەقدىر»، ئۇقۇمى بىلەن سىڭدۈرۈشكە يەنى بۇ ئالەمدە پەقەت بويسۇنۇشقىلا يارىتىلغانلىقىغا تەن بەرگۈزۈشكە، قارشىلىق قىلالمايدىغان قىلىۋېتىشكە سەرپ قىلغان. بۇ بىزگە تارىختا تۇنجى قېتىم تېڭىلغان ئاپاق خوجىچە «ئىستىقبال» ئىدى...» («جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 4 - سانىدىن)

مانا بۇ بىزدىكى قورقۇنچاقلىقنىڭ تارىختىكى مەنبەسىدۇر.

شۇنىسى ئاجايىپكى، جاھاندىكى قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ ھەر قانداقىدىن قورقماسلىق - قارامىلىق، ئەقىلسىزلىق بولاتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش تارىخىمىزدا مۇنداق ئەقىلسىزلىق دائىم ئۇچراپلا تۇرىدۇ. ھاراقنى جىق ئىچسىڭىز ئۆلۈپسىز، خۇروپىي چېكىۋەرسىڭىزمۇ ئۆلۈپسىز، ئادەم ئۆلتۈرسىڭىز ھۆكۈمەت ئاتىدۇ. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتمايمىزيۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىنسانچىلىق تەقدىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان، تىرىكچىلىك يولىمىزغا، ئىستىقبالىمىزغا، غۇرۇرىمىزغا تېگىدىغان قەبىھ قىلمىشلارغا يولۇققاندا ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىنسانىي ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە قارشىلىق بىلدۈرۈشكە نېمە ئۈچۈن جۈرئەت قىلالمايمىز؟

بىزدە قورقۇشنى يەڭگۈدەك غايە، غەيرەت، قورقۇشنى يەڭگۈدەك ئۇيۇشۇش، قورقۇشنى يەڭگۈدەك پەم - پاراسەت يوق. ھەر قانداق قورقۇنچ بىزگە «قوش» كۆرۈنىدۇ. قورقۇشلا بار، قورقماسلىق روھىمىز يوق. خوجىلار زامانىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەجدادلار «دۇئاسى»، ئەجدادلار «ئىلتىجاسى» قەلبىمىزنى ئۇتتۇپلا تۇرىدۇ.

بىزنىڭ كوچىدا يېقىندا بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلدى - دە، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ساقچىلار بۇلاڭچىلارنى تۇتتۇۋالدى ھەم بۇلانغان ئائىلىنىڭ باشلىقىنى بۇلاڭچىلارنى تونۇپ بېرىشكە چاقىرتتى. لېكىن بۇلانغۇچى بۇلاڭچىلار بىلەن يۈزلىشىشتىن قورقۇپ: «بولدى، مەيلى»، «بولدى، مەيلى» دەپلا يۈزلەشكىلى بارغىلى ئۇنىمىدى.

بىزدىكى «بولدى، مەيلى»، «بولدى، خۇدادىن كەلدى» دېگەن بۇ سۆزلەر تارىختىن بېرى بىزنىڭ خەلقىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا كەلدى، بەزلەپلا كەلدى. مىللىتىمىزنىڭ غۇرۇرىنى يوقاتتى. بۇ خىل نېرۋا خاراكتېرلىك قورقۇش - زالىم ھۆكۈمرانلارنى يېتىشتۈرىدىغان روھىي زېمىن ئەمەسمىدى؟ بۇنداق زېمىندىن قورقۇتقۇچىلار مەڭگۈ يوقالمايدۇ. قورققۇچىلار مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. تارىختىكى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ: «بەندىنىڭ خار ۋە ئەزىز بولۇشى تۇغۇلغاندىلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ» دېگەنلىرى ئىز بېسىپلا تۇرىدۇ، خالاس. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە ئۆزىنى ئۆزى قانۇن ۋە ئىنسانىي يول بىلەن مۇداپىئە قىلىشنىڭ شەكىل ئالالماي تۇرۇشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر.

## بىزدىكى «تەقدىر» چىلىك

«تەقدىر، پېشانە» چىلىك 17 -، 18 - ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزغا «تەرىقەت»چى جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن سىڭدۈرۈلگەن بىر خىل ئېتىقادىي «دىنىي» ئەپسانىۋى ئەقىدە - تەركىدۇنياچىلىقنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ئاتىلىشىدۇر. بىزگە نىسبەتەن ئىنسان روھى ۋە ئىنسان قىسمىتى ئۇقۇمىدا شەرھلىنىپ كەلگەن بۇنداق «تەقدىر، پېشانە» چىلىك تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، جاھالەتكە كۆنمەك،

www.uyghurkitap.com

جاھالەتكە يۈزلەنمەك، جاھالەتنى روھىي ئادەت ۋە روھىي ھالەت قىلماق دېمەكتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىلىرىگە تۈپتىن زىت كېلىدىغان، ئوغرى ئۇچۇنمۇ، ئوغرىلاتقۇچى ئۇچۇنمۇ، زالىم ئۈچۈنمۇ، مەھكۇم ئۈچۈنمۇ، ئاچ ئۈچۈنمۇ، توق ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا دومىلاپ تۇرىدىغان بۇ «تەقدىر، پېشانە» چىلىك - ئېيىنى زامانلاردا بولۇپمۇ ئازكەم بىر ئەسىرلىك خوجا - ئىشانلار «خان» لىقلىرى زامانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۈتۈن ئىنسانچىلىق تەقدىرىنى خارابلاشتۇرۇشتا ئاجايىپ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. ئەنە شۇ خارابلاشقان ئەجدادلىرىمىز دەل مۇشۇ «ئەقىدە» نىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنى يېڭىلاش، راۋاجلاندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى قىلالمىغان. ھاكىم خوجا - ئىشانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۇرۇشقان. بىر - بىرىنى خاپا قىلمىغان ۋاقىت بولمىغان. مازارلارغا بېرىپ يىغلاشقان، خاپىلىقتىن قۇتۇلالمىغان. يىللاپ پىيادىلەپ يۈرۈپ بەخت ئىزدەشكەن، ئۇچرىتالمىغان. قان تۆكۈشۈپ باققان، زىيان - زەخمىتى يەنىمۇ ئاشقان. ئۆزىنى - ئۆزى خاراب قىلىشقان. يىغلىغانلىرى بىكارغا كەتكەن. يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان، قىرىلغان، ئاپەتكە قالغان. ئۆچمەنلىك مادارىدىن كەتكەن، ئۆچمەنلىك روھى ئۆلتۈرۈلگەن. . . دېمەك تەقدىرىنى قولدىن بېرىۋەتكەن. تارتقۇزۇپ قويغان.

بىز 21 - ئەسىرگە كىرىش بوسۇغىسىغا كېلىپ تۇرغان ھازىرقى پەيتلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل «ئېتىقاد» ياكى بۇ خىل «تەقدىر» چۈشەنچىسىنىڭ دامىدىن قۇتۇلالىدۇقمۇ؟ ياق، تېخى ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلالمىدۇق. كونا چۈشەنچە يېڭى چۈشەنچە بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىلەردىكى يېڭى چۈشەنچە يەنىلا كونا چۈشەنچىگە بېقىنىۋاتىدۇ. توقلۇقىنىمۇ «تەقدىر» دىن، ئاچلىقىنىمۇ «تەقدىر» دىن، زىيىنىنىمۇ «تەقدىر» دىن، پايدىسىنىمۇ «تەقدىر» دىن، ئەڭ قاباھەت ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ «تەقدىر» دىن، ھەتتا ماشىنا بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قاتىل ئۆلتۈرۈۋەتكەن بالىلىرىنىڭ خۇنىنىمۇ «تەقدىر» دىن كۆرۈۋاتىدۇ.

خوتۇنى قىز تۇغسىمۇ «پېشانە» دىن، تۇغمىسىمۇ «پېشانە» دىن، بالىسى مەكتەپكە ئۆتەلىسىمۇ «پېشانە» دىن، ئۆتەلمىسىمۇ «پېشانە» دىن، نېمىلا ئىش بولسا بولسۇن ھەممىنى «پېشانە» دىن كۆرۈپ ئۆتۈۋېرىدىغان ئادەملەردە ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنچ قىلىش، ئۆزىنى - ئۆزى ئوڭشاش، ئۆزىنى - ئۆزى قەدىرلەش ۋە ئۆز كۈچىگە ئۆزى ئىشىنىش. . . ئىستىكى نېمە قىلسۇن؟

مەھكۇم، ئاجىز ئىنسانلارنىڭ خورلۇقتا تىرىكچىلىك قىلىش ئىدىيىسى بولغان «تەقدىر، پېشانە» چىلىك - خەلقىمىزنىڭ مۇھەببەت - نەپرەت جەھەتتىكى روھىي بىرلىكىنى، غايىۋى بىرلىكىنى، ئېتىقاد بىرلىكىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەن، بۇزۇۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئۆزى دەل شۇ خەلق ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولغان مەنىۋى ئىنقىلاب - خۇراپاتلىققا قارشى ئىنقىلابنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

بىزدە زۇلمەت - جەبرىنىڭ
بىزدە خارلىق - زەربىنىڭ
بىزدە يىغلاش - نالىنىڭ
بىزدە ئەرز - داد - زارىنىڭ
دەل تۇغقۇنى شۇ «تەقدىر».

قىممىتىنى يوقاتقان كونا چۈشەنچىنى مەنبە قىلغان مەدەنىيەتسىز تۇرمۇش ئادىتىنى - مەدەنىيەتسىز روھىي ھالەتنى مەنبە قىلغان نادانلىق - ئۆتمۈشتە بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ قاباھەت سەلبىي قىسمىتى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ قىسمەن تەسىرى بىزدە تېخىچە تۈگىمەيۋاتىدۇ. ئارىمىزدا تەبىئەتى غەش - پەس تەبىئەتلىك كىشىلىرىمىز خېلى بار.

- زامانىمىزنىڭ نادانلىرى، - دەپ يازىدۇ مەرھۇم ۋەقەشۇناس ئەدىب مامۇت ئىسلامى ئۆزىنىڭ «بەلەن گەپ» لىرىدە، - بالا - ۋاقىلىرىنى ئوقۇتۇشنى ئالۋان دەپ قارايدۇ. «پېشانە» پەرەس كېلىدۇ. غۇرۇرى يوق. تارىختا ئۆتكەن كونا كەسىپ، ھۈنەرنىلا كەسىپ - ھۈنەر بىلىپ يېڭىلىرىنى غەلىتە كۆرىدۇ. قوبۇل قىلمايدۇ. جاپاكەش كېلىدۇ، خورسىنمايدۇ، ھار ئالمايدۇ. يېڭىلىققا كىرمەيدۇ، كۆنمەيدۇ. يېڭى گەپ، يېڭى نەسىھەتلەرگە ئۆچ، باشقىلارنىڭ گېپىنى گەپ ئەتمەيدۇ. سودىدا گىرى كېلىدۇ. ئەخمەق، قوپال بولىدۇ. سەت تىللىشىدۇ، پېتىشمايدۇ، كۆڭلى قارا كېلىدۇ. بەتنىيەت، يامان خىياللاردا كۆپ بولىدۇ. كۆرەلمەس كېلىدۇ. ھەۋەسنىڭ ئورنىغا ھەسەت قىلىدۇ. ئىنسابسىز - ئاچكۆز كېلىدۇ. ئۆزىنى، ئەۋلادىنى باشقىلاردىن يۇقىرى كۆرىدۇ. ھايانى بىلمەيدۇ. كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نېمىلەرنى كۆرىدۇ. ئاڭلاشقا بولمايدىغان گەپلەرنى ئاڭلايدۇ. غەيۋەتخور كېلىدۇ. باشقىلارنىڭ بىر نېمىلىرىنى ئېلىۋالىدۇ. يەۋالىدۇ. ئەزالىرىنى پاكىزە تۇتمايدۇ، تازىلىقتا پۇتى بىلەن قولى ئوخشاش. ئىنسانچىلىق پەزىلىتى يوق. كۆنۈپ قالغان كەيپلىرىنى تاشلىمايدۇ. ھارامدىن قاچمايدۇ. زالىم، بىرەھىم كېلىدۇ. غەرەز ئۇقمايدۇ. كۆكەمە، جېدەلخور، گەپلىرى تۇتامسىز، شەخسىيەتچىلىكى ئېغىر، پوچى، ئەخمەق كېلىدۇ. . .

دەرۋەقە، بىزدىكى بۇنداق تۇرمۇش سۈپەتسىزلىكى، مىجەز سۈپەتسىزلىكى، ئەخلاق سۈپەتسىزلىكى، مەدەنىيەت سۈپەتسىزلىكى دۇنيادا بىزنى سۈپەتسىز، نومۇسسىز خەقلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىۋاتىمىز. ئوقۇمىغان ـ نادان ئادەملەردە ھەقىقەت بولمايدۇ. ئوقۇمىغان ـ نادان ئادەملەر نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. بايلىق بولغان بىلەن مەدەنىيەت بولمىسا، ئۆزىنى گۈللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. نادانلىقتىن ئۆزىمىزنى قۇتقۇزمىساق تەرەققىي قىلمىمىز، گۈللىنىمىز دېگىنىمىز بىكار.

## بىزدىكى قەلەندەرچىلىك

مىللىتىمىزنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان (نومۇسىنى تۆكىدىغان) ھەم روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشتۈرۈش رولىنى ئۆتەيدىغان قەلەندەرچىلىكتىن بىز خەق تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىدۇق. «ـ كىم قەلەندەر؟ ـ ئۇيغۇر!»، «ـ نەلىك قەلەندەر؟ ـ ئالتە شەھەرلىك!»، «ئۇيغۇردىن قەلەندەر چىقىدۇ. . .» دېگەندەك يامان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغىنىمىز تۇرغان. بۇنداق گەپلەرنى بەزىلەر كۆپتۈرۈپراق ئېيتىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قەلەندەرچىلىكنىڭ بىز خەقتە بارلىقى راست. تەن ئالماي بولمايدۇ.

قەلەندەرچىلىك بىزدە قانداق پەيدا بولۇپ قالغان؟ بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى نامراتچىلىقتىن پەيدا بولغان دېيىشسە، بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى جاھالەتچىلىكتىن، نادانلىقتىن پەيدا بولغان، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇمۇ ئاساسلىق تاشقى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. لېكىن ئەڭ مۇھىم ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى ـ بەزىبىر كىشىلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خورلاش (ئەمگەكسىز ـ قېرى ـ چۆرىلەرنى، بېقىمسىز ناتاۋانلارنى ھەم تىرىكچىلىكتە پاناھسىزلانغان ئەجداد، ئەۋلاد . . . لىرىنى خورلاش، تاشلىۋېتىش) ئالامەتلىرىدىن پەيدا بولغان دېيىشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئۇلاردىكى قارا قورساقلىق، نومۇس سىزىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، تاشيۈرەكلىك . . . قەلەندەرچىلىكنىڭ داۋاملىشىش مەنبەسىدۇر.

ئالايلى، بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىكچىلىك ئادەتلىرىدە كالا، ئېشەك بېقىش، توخۇ، ئۆردەك بېقىش، ئۆي بېقىش، نەۋرە بېقىش، باغ بېقىش، خامان بېقىش . . . لار، ئۆي، ھويلا ـ ئارام خىزمەتلىرى ئومۇمەن ئەمگەكتىن قالغان بوۋاي ـ مومايلارنىڭ ئادەت مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالغان. تاشقارقى ئۆيلەردە، ئايۋان ـ دالانلاردا، بۇلۇڭدىكى ئىسكەتسىز سۇپا، كارىۋاتلاردا تۇراقلىق ئورۇن تۇتۇش ـ يېتىپ ـ قوپۇش . . . بوۋاي ـ مومايلارغا باللىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئىمتىياز». ئەسكى يوتقان، ئەسكى كۆرپە، ئەسكى كىگىز ـ پالاز، ئەسكى تەكيە، كونا كىيىم، كونا جابدۇق يەنىلا شۇ بوۋاي ـ موماي، قېرى ـ چۆرىلەرنىڭ تىرىكچىلىك «مۈلۈك» لىرى. ئەتىدىن كەچكىچە تىنماي مىدىرلايدىغانلار، ئۆيلەرنىڭ ئوتۇن، سۇ، كۆمۈرلىرىنى توشۇيدىغانلار، ئەخلەت، كۆللىرىنى تۆكىدىغانلار، دەككە ـ دەشنام يەيدىغانلار، گېپى ئۆتمەيدىغانلار، «تىرىكتاپ»، «قىلىقى سەت»، «پىتلىق»، «پاسكىنا»، «قالاق»، «ئەخمەق»، «نوقانچى»؛ «قەلەندەر» دېگەندەك تىل ـ ھاقارەتلەرنىڭ نىشانى بولۇپ تۇرغانلار، ئاشقان ـ تاشقاننىڭ ئىگىلىرى، ئاچقۇ تەگمەيدىغانلار، «يۈك» ئادەملەر، ئىگە ـ چاقىسىزلار . . . يەنىلا شۇ قېرى ـ چۆرىلەر.

دېمەك، بىزنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلىرىمىزدا قېرىغان ئاتا ـ ئانىلىرىنى، قېرى ـ چۆرىلىرىنى ئوبدان كۈتمەيدىغان، خورلايدىغان، ھەتتا تاشلىۋېتىدىغان قىلىق ـ قىلمىشلار ساقلىنىپ كەلگەن ھەم كېلىۋاتىدۇ. بۇ، ئەجدادىنى خورلاش ـ ئۆزىنى خورلاش، ئەلۋەتتە. ئۆز پۇشتى ئەۋلادىنىڭ ئەنە شۇنداق «بېقىش»، «كۈتۈش» لىرىگە قېپقالغان قېرى ـ چۆرىلەر ئارىسىدىن قەلەندەر ـ «ئابدال»، مەدداھ چىقماي نېمە چىقىدۇ؟ قېرى ـ چۆرىلىرىنى تاشلىۋېتىدىغان كىشىلەر نومۇس قىلمىغان يەردە جان بېقىش بىچارىچىلىقىدا تىلەپ يۈرگەن قېرىلار نومۇس قىلارمۇ؟ تۇرمۇش كىشىلەرگە نېمىنى قىلغۇزمايدۇ؟

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ X تېغى باغرىدا گەمە كولاپ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغىلى بەش يىل بولغان قەلەندەر بوۋاي «X ۋەيرانى» ئۆزىنىڭ قەلەندەر بولۇپ قېلىش تارىخىنى ئەسلەپ يېقىندا مۇنداق دېدى: «72گە كىردىم. ئۈچ قىز، ئۈچ ئوغلۇم بار. ھەممىسى بىجىرىم چوڭ بولغان. قىزلار ئەرنىڭ قولىدا. بىر ئوغلۇم دېھقان، بىر ئوغلۇم باققال. كىچىك ئوغلۇم 18 ياش چېغىدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى كەلمىدى. باللىرىمنىڭ ئانىسى بۇندىن سەككىز يىل ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەن. تاپقان ـ تەرگەنلىرىم قىزلارنى چىقىرىش، ئوغۇللارنى ئۆيلەش . . . بىلەن تۈگىگەن. مەن ئۆيدە بىرەر يىلدەك يالغۇز ئۆتۈپ باقتىم. قىزىم بىرەرمىكى، كېلىنىم بىرەرمىكى، دېگەن تەمە بىلەن ھەر كۈنى تەلمۈردۈم. سەت كۆرۈنگىلى تۇردۇم. بىر كۈنى ئەتىگەندە چاي بىرەرمىكى دېگەن ئوي بىلەن چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. چاينىڭ ئورنىغا چوڭ كېلىنىمنىڭ: ‹كۈندە بىزىرىپ كېلىۋېرەمدىلا. . .› دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئىزادىن ئۆلمۇدۇم، بىرىسى بولدۇم. ئەتىسى ئىككىنچى ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە كەچلىك غىزاغا كىردىم.

www.uyghurkitap.com

غىزا ئورنىغا: ‹باشقا ئوغۇللىرىڭنىڭ قېشىغا نېمىشقا بارمايسەن. . . ؟ ›، دەپ دەشنام بەردى. بارا - بارا تۈتۈن ماراپ ئاچ - توق قالدىم. پۇل يوق، ئاش - نان يوق. ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىم يوق. يالغۇزلۇق ئۆلۈمدىن يامانكەن. نەگە بېرىشىمنى، نېمە ئىش قىلىشىمنى بىلمەي ئاخىرى بىر قەلەندەر بوۋاي بىلەن ئۈچرىشىپ X مازىرىغا چىقىۋېلىپ ‹ساۋاب تامىقى› يېدىم. ‹ساۋاپ تاپاۋىتى› قىلىپ، كۈنۈم ئۆتۈپ ئۆتتى. لېكىن بالىلىرىم بۇنى بىلىۋېلىپ، مازاردىن مېنى ھەيدەپ كېلىپ: ‹بىزنى نومۇسقا قويىدىغان ئۆلمىگۈر ئوغرى. . . ›، دەپ تىللاپ داۋامنى بەردى. بىرەرسىنىڭمۇ ئۆيىگە پاتمىدىم. ئاخىرى 1988 - يىلى ئۈرۈمچىگە چىقىۋالدىم. قەلەندەرچىلىك قىلىمەن، تاپاۋىتىم ئوبدان. ئۆتكەن يىلى بىر قىزىم ئېرىدىن چىقىپ كېتىپ يەتتە ياشلىق بىر قىزىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ يىل يەنە بىر ئوغلۇم 11 ياشلىق بىر ئەما قىزىنىمۇ ماڭا ھەمراھىغا ئەۋەتىپتۇ. تىلەپ يۈرۈپ بۇ نەۋرىلەردىنمۇ خەۋەر ئالىمەن. . .»

قارائلار خالايىق! بۇ بوۋاينىڭ بالىلىرىدىكى ۋىجداننى؟ بىزدە مۇشۇنداق ۋىجدانسىز، تاشيۈرەك باللار ئازمۇ؟ مۇشۇنداق تەقدىردە ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان قېرى - چۈرىلەرچۇ؟

يۇرتلىرىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە جايلىشىپ ئوقەتچىلىك قىلىشىۋاتقان بەزىبىر ئۇيغۇرلىرىمىز ئارىسىدىمۇ يۇرتتىكى قېرى ئاتا - ئانىلىرىنى قىشتا ئۈرۈمچىگە ئەكىلىۋېلىپ قەلەندەرچىلىككە سېلىپ، پۇل - ۋەج تاپقۇزۇۋېلىپ، يازلىق ئىشلار چىققاندا يۇرتقا ماڭغۇزۇۋېتىدىغانلارنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولىدۇ. ھەتتا بەزىبىر ئۇيغۇرلىرىمىز قېرى - چۈرىلىرىنى قەلەندەرچىلىككە «كەسىپ» لەندۈرۈۋاتىدۇ. قەلەندەر بوۋاي - مومايلارنىڭ تىلەپ تاپقانلىرىنى بىرمۇ بىر سۈرۈشتۈرۈپ ئېلىۋېلىپ تۇرىدىغان يىگىت - قىز ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ بار. «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالمىدىڭ، بايلىق قالدۇرالمىدىڭ، خوتۇن ئېلىپ بېرەلمىدىڭ، ياتلىق قىلالمىدىڭ، ئۆلۈملۈكىڭنى تاپ. . .» دەپ قېرى ئاتا - ئانىلىرىنى قىستاپ قېشىدىن قوغلىۋەتكەنلەر، ئۆيدىن ھەيدىۋەتكەنلەر، ئارامى خۇدا جان ساقلاشقا يول بەرمەيۋاتقانلارمۇ بار. ئۇلارغا قەلەندەرچىلىك قىلماي نېمە چارە؟

يۇقىرىقىلار بىزدە قەلەندەر پەيدا بولۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.

يەنە بىرى، قەلەندەرچىلىكنى بايلىق تېپىش يولى، يۇمشاق، چىقىمسىز، ئوڭاي پۇل تېپىش چارىسى قىلىشىۋالغان نومۇسسىز، پەس ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ بار تېخى!

مەن يېقىندا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى X تاغ يامزىلىدا خۇسۇسىي ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇۋالغان ئۈچ ئۆيلۈك ئاغلاقچى (لوبەن) قەلەندەر ئۇيغۇر بىلەن تونۇشتۇم. بۇلارنىڭ ئىلكىدە تىلەمچىلىككە «كەسىپ» لەندۈرۈلگەن ئون نەچچە ئۇيغۇر بالىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە X قارىمنىڭ بەش ئۇيغۇر قىزدىن تەشكىل قىلغان تىلەمچىلىك گۇرۇپپىسى مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى: بۇ بەش قىز قارىمغا ھەر كۈنى 30 يۈەندىن 40 يۈەنگىچە نەق پۇل، بىرەر تاغاردەك كونا كىيىم - كېچەك، ئۈچ - تۆت كىشىلىك كونا ئاياغ تىلەپ تاپشۇرىدۇ. X قارىممۇ بۇ قىزلارنىڭ ياتاق، تاماق، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدۇ. كۈنىگە ھەر بىر قىزغا بەش يۈەندىن نەق پۇل «ئىش ھەققى» بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ قىزلار يامالىق تەرەپلەرنى ئۆز يۇرتى، ئۆز مەھەللىسى، X قارىم ئائىلىسىنى «ئۆز ئائىلىسى» بىلىشىدۇ. يامالىق تەرەپلەردە، جەنۇبىي ۋوگزال ئەتراپىدا بۇ قىزلار ئەركىن تىلەيدۇ. ئۇلار تىلەپ كەلسە ھەر قانداق ئۇيغۇر بىر نېمە بەرمەيمۇ تۇرالمايدۇ. دېمەك، كىرىمى ئوبدان. ئالدى ئەمدىلا 13 ياش، ئاخىرى سەككىز - توققۇز ياش ئەتراپىدا كەلگەن بۇ قىزلار ھازىر گەپچىلىك، ئەپچىللىك، چاققانلىق، «بۇۋىم» لىك، «دۇئاكويلۇق» ، قېلىنلىق ھەم بېشەملىك. . . تە ھەر قانداق ناسازار (ئەرۋاھ - سەرۋاھ يۈرىدىغان) ئۇيغۇردىن قېلىشمايدۇ. تىلەشتىن نومۇسلانمايدۇ. بۇرۇن جىم - جىم تىلەپ كەلسە، ئەمدىلىكتە «ھۆكمەت» تۈۋلاپ تىلەپ كېلىدۇ. نان، پارچە پۇل بەرسىڭىز ئالمايدۇ. ئەسكى كىيىملەرنى ياراتمايدۇ. ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، تارتىنمايدۇ، قورۇنمايدۇ. ئۆز «كەسىپ» لىرىگە ئامراق، كۆنۈپ كەتكەن. باشقا ئىشلارنى ياراتمايدۇ، قىلمايدۇ. دېمەك، بۇ ئۇيغۇر قىزلارنى X قارىم ناھايىتى ئوبدان پۇل تېپىش «كارخانىسى» نىڭ ئەزالىرى ھەم ناھايىتى قابىلىيەتلىك كەسپىي قەلەندەرلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇلار كەلگۈسى قەلەندەر ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئانىلىرىمۇ بولىدۇ - دە، ئەلۋەتتە.

مەن بۇنداق ئىشنى ئۆتكەن يىل يەكەن چىلتەنلىرىمدە، ئۈرۈمچىنىڭ توپا شەھەر (چىداۋان)، ليۇداۋان زەراتگاھلىقلىرى ئەتراپىدىمۇ ئۇچراتتىم. يەكەن چىلتەنلىرىمدە پۈتۈن تىلەش تۈگۈنلىرىنى

ئىگىلەپ ئېلىپ يېگەندىن كېيىن تىلەمچىلەرگە قوشۇلغان بالىلاردىن «تىلەش پۇلى» يىغىۋالىدىغان، ئىگە - چاقىسىز ئۇششاق بالىلارنى يىغىۋېلىپ شەھەرگە تىلەشكە ئەۋەتىدىغان ۋە مەخسۇس تىلەش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ پۇل تاپىدىغان ئۈچ ئاغىلاقچى بوۋاينى ئۇچراتتىم. ھەر يىللىق ھېيت نامازلىرىدا ئىگە - چاقىسىز ئاقىقۇن بالىلارنى تەشكىللەپ تىلەشكە سالىدىغان ئۇيغۇر «دۇئا»چىلارمۇ بار. 1980 - يىلى ئۈچ قىزىنى بىللە ئېلىپ بىزنىڭ مەلىگە تىلەپ كېلىدىغان بىر بوۋاي بار ئىدى. بۇلتۇردىن بۇيان ئۇ بوۋاينىڭ ئۈچ قىزى ئۈچ مەھەللىدە قەلەندەرچىلىك قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارغا توي قىلغان يىگىتلەردىن ئىككىسىمۇ ھازىر كوچىلاردا «قەلەندەر مېلى» ساتىدىغان سودىگەرلەردىن بولۇپ كېتىشكەن. ھازىرقى چاغلاردا ئۇششاق بالىلىرىنى، قېرى - چۆرى ئاتا - ئانىلىرىنى ھەتتا خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى قەلەندەرچىلىككە سېلىۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىزنىمۇ ئارىلاپ ئۇچرىتىپ قالىمىز.

تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، خروئىن چېكىشكە ئۆگىنىپ قېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ پۈتۈن زېمىن، مال - مۈلكىنى چېكىپ تۈگىتىپ، يەنىمۇ غالجىرلىشىپ ئاتا - ئانىسىنى، ھەتتا خوتۇن - بالىلىرىنى قەلەندەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپ بېرىشكە قىستاۋاتقان ئۇيغۇر ناتەسلىرىمۇ پەيدا بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق كېلىشمەسلىككە قالغان X لىق ھۈنەرۋەن X ئاخۇننىڭ خروئىنكەش ئىككى ئوغلى ئۈستىدە دەرد تۆكۈپ يازغان بىر پارچە دەردنامىسىدا بۇ كېلىشمەسلىك مۇنداق تەكىتلەنگەن: «ئىككى ئوغلۇم (بىرسى 21 ياش، يەنە بىرسى 25 ياش) خروئىن چېكىشكە چۈشكەن ئۈچ يىلدىن بېرى شۇلارنىڭ دېگىنىنى تېپىپ بەرمەي ھەم قىلىپ بەرمەي خاتىرجەم تۇرالمىدۇق. بار - يوق ئۈچ ئېغىز ئۆيىمىزنى سېتىپ بىر تىيىنىنىمۇ ئېلىپ قالماي ئۇلارغا سېلىپ بەردۇق. ئىككى قېتىمدا 4 مىڭ يۈەندىن جەرىمانە تۆلەپ تۈرمىدىن ئەپچىقتۇق. بىزنىڭ نامىمىزنى سېتىپ باشقىلاردىن ئۆتنە ئالغان 27 مىڭ يۈەننى تۆلىدۇق. پۈتۈن دەسمايىمىز غالتەككە چىقتى. بىر بالىلىق كېلىن، مەن، ھەم مېنىڭ ئايالىم - تۆت كىشى ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەنىلا خروئىن چاتىقى بىلەن تۇتۇلۇپ قولغا چۈشكەن بۇ ئاكا - ئۇكىلارنى قۇتقۇزۇش كويىدا بولۇۋاتىمىز. بالا كۆتۈرگەن چوكان كېلىنىم ئېرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ يەنئەن كوچىسىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئانىسى لىيۇداۋان تەرەپلەردە «بۇۋىم» بولۇپ كىشىلەردىن «سەدىقە» يىغىۋاتىدۇ. مەن ئاق مەسچىت ئالدىدا تەسۋى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ خەير - ئېھسان ئالىمەن، جۈمە كۈنلىرى مەسچىت جامائىتىدىن ياردەم تىلەيمەن...»

بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن X نىڭ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن بايۋەچچىسى ئىككى ئوغلىنىڭ خروئىنغا بېرىلىپ كېتىشى بىلەن ئەمدىلىكتە ئۈرۈمچىنىڭ «قەلەندەرى»، يىگىتنىڭ چىرايلىق، نازۇك خوتۇنى بولسا بالا كۆتۈرگەن «قەلەندەر چوكان» بولۇپ قالغان.

خروئىنكەش ئۇيغۇر يىگىتلەر ئاڭلاڭلار! سىلەر ئاتا - ئاناڭلارنى ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىشقا يارالغانمۇ؟ سىلەرگە مۇھەببىتىنى بەرگەن گۈزەل ئۇيغۇر قىزى سىلەر ۋەيران قىلىپ تاشلىۋەتكەن «بالىلىق دىۋانە» - «بالىلىق خار چوكان» بولۇپ تىلەپ يۈرەمدۇ؟

جەمئىيەتتە يەنە «ئايلىقچى قەلەندەر»، «يىللىقچى قەلەندەر»، «ياللاپ قەلەندەرچىلىك ئوقىتى»نى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان، «قەلەندەرخانا»، «قەلەندەر ياتاق»لىرى ئېچىپ كىرىم تېپىۋاتقان «قەلەندەر» ئۇيغۇربايلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بىزدە «خوجام»، «قارىم»، «كارامەتكار»، «تاپقاق زات»، «دۇئاكوي»، «رەمبال»، «پىرىم»، «بۇۋىم»، «خېنىم» «ھاجىم»، «شەيخىم»، «ئاخۇنۇم» ... بولۇۋېلىپ ئۆيمۇ ئۆي قاتراپ قەلەندەرچىلىك قىلىدىغان يەنە بىر خىل «مويسىپىت» ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ بار. ئۇنداقلارنىڭ بىر قىسمىنى كىشىلەر «ئابدال» دەپ ئاتىشىدۇ. «ئابدال» لار تالاقەلەندەرلىرى (ئىشىك تۈۋىدە، كوچىلاردا، يوللاردا كىشىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىچارىلىق بىلەن كۆرۈنۈش قىلىپ، يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا سۆزلەپ، بىر قولى كۆكسىدە قول تەڭلەپ تىلەيدىغانلار) نى يامان كۆرىدۇ. «قەلەندەر» دەپ تىللايدۇ. ئۆزلىرى بولسا قەرزداردەك ئىشىك قېقىپ ئاچقۇزۇپ تۆرگە ئۆتۈپ «ئايەت» ئوقۇپ، «دۇئا» قىلىپ، گەپ سېتىپ

ئولتۇرۇۋېلىپ «تۈتمىغان كىيىم»، «بىرەر پاخلانلىق پۇل»، «بىرەر تال ئېرىغ مال» «تىلەپ» ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمايدۇ. «چۈشى بۇزۇلغان»، «قاپىقى تارتقان»، «خاپىلىق كەلگەن»، «خۇشاللىق كەلگەن»، «كۆڭلى بۇزۇلغان»، ئىشقىلىپ روھى ئارامسىزلىق ھېس قىلغانلار ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىپ «دۇئا» سىنى ئالماي قوتۇلالمايدۇ. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ئۆتكەن ئاينىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى مۇشۇنداق «دۇئايى ئۇلۇغ زات» تىن ئۇچنى ئۇزاتتۇق:

ئىشىك قاتتىق ئېچىلدى. ئاچتۇق. سالاپەتلىك، قىران ھەم تەمبەل كەلگەن، پاكىزە دۇراپ تون، يېپيېڭى سەر پۈش تۇماق، پارقىراپ تۇرغان مەسە - كالاش كىيگەن، ئېسىل سومكا كۆتۈرگەن ئۈچ كىشى بىر «جامائەت» بولۇپ تۆردىن قاتار ئورۇن ئالدى. بۇ ئۈچ كىشىدىن بىرسى «خەتمە قۇرئان» باشلىدى. خاتىمە قىلىپ «دۇئا» غا قول كۆتۈرۈشتى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز تەڭ دۇئا قىلدۇق. يېشى 45 ـ 50لەر ئەتراپىدا كەلگەن، چىلگىدەك سەللە ئورىغان، سېرىق ساقال بىرسى دېدى: «بىز ئىمامى جەئفىرى سادىقتىن ئەسھابۇل كەئبلىرىمگىچە نۇرغۇن مازايى - ماشايىقلارغا دۇئا - تالاۋەتتە بولدۇق. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام يۈرگەن چۆللەرنى يۈردۇق. خىزىر ئەلەيھىسسالام ماڭغان يوللارنى ماڭدۇق، دىلىمىز ئاللا بىلەن، تىلىمىز ئىمان بىلەن، قەدىمىمىز خىزىر ئەلەيھىسسالام ئاتا قىلغان رىزقى بەرىكەت ئۈستىدە ئۆتتى. ئىمانى پاكلىقىمىز شۈبھىسىز جىمىكى ئىنسانلاردىن زىيادە، ئەۋزەلدۇر. . . خۇدا دىلىمىزغا بۇ ئۆينى سالدى. تۈتمىغان كىيىم، تۈتمىغان جايناماز، تۈتمىغان كېپەنلىك ئاق، تۈتمىغان سەللىلىق رەخت. . . دۇئا قىلماقتا قەدەم تەشرىپ قىلدۇق. پۈتۈن پۇل - پىچەك، ئېرىغ مال - جابدۇق بولسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىلار ھەققىدە، قازا نامازلار ھەققىدە، بۇزۇلغان چۈش، كەلگەن بالا - قازاھەققىدە. . . دۇئا قىلىپ قوبۇل قىلىمىز. قولىمىزنى قۇرۇق قايتۇرغان، ئاللانىڭ سەدىقىسىنى غۇدۇراپ بەرگەن، سەدىقىنى يەتتە نامراتنىڭ بىر كۈنلۈك روزا نېسىۋىسىدىن تۆۋەن ئۇزاتقان كىشىلەر ئاللا نەزىرىدە بېخىل، پىخسىق ئاتالغاي. بېخىلنى ئاللا بەندەم دېمىگەي. . . »

بۇ سۆزمەن، سالاپەتلىك قەلەندەرلەر ئاخىرى ئۆيىمىزدىن تېخى يەڭ ساپمىغان بىر ئەرەنچە كۆڭلەك، بىر جايناماز، 10 مېتر كېپەنلىك داكا، 20 يۈەن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىپ ئىشىكتىن چىقىشتى. بىز بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ سالاپەتلىرىدىن نومۇس قىلىپ، بىر تەرەپتىن قورقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆيىمىزدىكىلەر سۆزگە تەسىرلىنىپ ئۇلارنى «رازى» قىلىپ ئۇزاتتۇق.

نۆۋەتتە كەلگەندە تىلەپمۇ، سوراپمۇ، قىستاپمۇ، تەسىرلەندۈرۈپمۇ، ئالداپمۇ ئالىدىغان ئۇنداق «ئابدال» لار تىلەمچىلىكنى يوقسۇزلۇقتىن قىلمايدۇ. بەزىلىرى ئۆز «كەسىپ» نى باللىرىغا، تۇغقانلىرىغا «مىراس» مۇ قالدۇرۇشىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاتلىق، ھارۋىلىق تىلەيدىغانلىرىمۇ بار. دېمەك، ئۇلار مەنپەئەت ئۈچۈن «دۇئا» ساتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ ئەقىدىلىرىنى ساتىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ نامىنى، مازايى - ماشايىخلارنىڭ نامىنى ساتىدۇ. كىشىلەر ئۈستىدىكى «بالا - قازا» نى، «كېلىشمەسلىك» نى، «بەختسىز» لىكنى، «دۈشمەن قەستى» نى، «يامانىنىڭ كۆزى» نى، «يامانىنىڭ تىلى» نى . . . كىشىلەردىن ۋەج ئېلىپ «يوقىتىپ» مۆمىن مۇسۇلمانلارغا «روھىي ئاسايىش» لىق «ئاتا» قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەرگىزمۇ دىنىي كىشىلەر ئەمەس، نامرات كىشىلەرمۇ ئەمەس. پەقەت پۇل - ۋەج ئۈچۈنلا ئىسلام دىن ئەقىدىلىرىنى، مىللەتنىڭ نومۇسىنى، يۇرتنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ساختىپەزلەرنىڭ بىر تۈركۈمىدۇر.

نومۇس بولمىسا غۇرۇر، ساغلام غايە، ساغلام ئۈمىد، يۈكسىلىش بولمايدۇ. نومۇسى يوق ئادەملەردە ۋىجدان بولمايدۇ، ۋىجدان يوق يەردە ئىستىقبال نېمە قىلسۇن؟

قەلەندەرچىلىك بولسۇن، «ئابدال» چىلىق بولسۇن بەرىبىر قاتتىق نومۇسلۇق ئىش. مىللەت ئۆزىنىڭ بۇ ئىللىتىنى ئۆزى تۈگىتىشى شەرت. ئەمما قەلەندەر، «ئابدال» لارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى، تۇغقانلىرى، ھامىيلىرى. . . بولغان، ئۆزلىرىنى «مەن» چاغلىشىدىغان بەزىبىر ئۇيغۇرلىرىمىز پۇل - ۋەجنى دەپ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ئانىلىرىنى، ئاتىلىرىنى، بوۋا، مومىلىرىنى، باللىرىنى، خوتۇنلىرىنى، كىچىك ئىنى - سىڭىللىرى . . . نى قەلەندەر بولۇپ، «ئابدال» بولۇپ پۇل - ۋەج تېپىشقا سېلىۋاتامدۇ؟

ھېچ بولمىسا توسماي سۈكۈت قىلىشىپ (كۈندۈزدە قېچىپ، كېچىدە قوچاقلىشىپ) ئۆتۈشۈۋاتامدۇ؟

قارشىلىققا ئۇچرىمىغان ئىللەت يوقالمايدۇ. شۇنىسى ئېچىنىشلىقكى، قەلەندەرچىلىكنى، «ئابدال» لىقنى پۇل - ۋەج تېپىش يولى، پۇل تېپىش كەسپى قىلىشىۋالغان بەزىبىر قەلەندەر، «ئابدال» ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئىستەك ۋە كەيپىياتلىرىدىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ قارىسىغا «ئىچ ئاغرىتىش» خاراكتېرىدىن قارىغاندا، قەلەندەرچىلىك بىلەن «ئابدال» چىلىق بارا - بارا ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى مىللىي ھۈنەر، كەسىپ - «تامچىلىق»، «تۆمۈرچىلىك»، «ياغاچچىلىق»، «دېھقانچىلىق»، «چارۋىچىلىق». . كەسىپلىرى قاتارىغا ياندىشىپ «ئۇيغۇر خەلق كەسىپلىرى»نىڭ بىرى بولۇپ قالامدۇ نېمە؟

## بىزدىكى نەسلىگە ۋاپاسىزلىق

ئاتا - ئانىلار مېھرى - شەپقىتىدىن، مەكتەپلەر مېھرى - شەپقىتىدىن، جامائەت ۋە جەمئىيەت مېھرى - شەپقىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، مائارىپسىز - نادان قېلىۋاتقان، ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان، بۇزۇلۇپ تۈگىشىۋاتقان، ھالاكەتلىك تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ ھەممە قىسمەتلىرىدە تېمىرقاپ ياش تۆكۈپ يۈرگەن ئۇيغۇر باللىرى ھازىر بىزدە ئازمۇ؟ ياق، ئاز ئەمەس، بەلكى كۆپىيىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەلىرىگە، پۈتۈن مەملىكەت شەھەرلىرىگە، ھەتتاكى چەت ئەللەرگىچىمۇ سەرگەردان باللارنى تارقىتىدىغان خەق بولۇپ قالامدۇق - قانداق؟

مېنىڭچە، بۇنى تارىخىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىنتايىن يامان مىللىي پاجىئەلەردىن بىر ساھە دېمەي مۇمكىن بولماس، ئەلۋەتتە.

ئاقىۋىتى مىللىي خورلۇق، مىللىي نومۇس ۋە قاتتىق مىللىي نادامەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، چىقىرىۋاتقان ۋە ئۇنى تېزلىتىدىغان بۇنداق يامان پاجىئە بىزگە نەدىن ۋە كىملەردىن كېلىۋاتىدۇ؟

بىرلا جاۋاب — ئاساسەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزدىن، ئۆز كىشىلىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

**بىر قىسىم ئائىلىلەردە ئەرلەر مۇستەبىتلىكىنىڭ ئېغىرلىقى، ئانىلار خورلۇقىنىڭ داۋاملىشىشى تولا ئاجرىشىش، كۆپ نىكاھلىنىشنىڭ ئاۋۇپ بېرىشى، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، باللارنىڭ مائارىپسىز قالدۇرۇلۇشى — ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى، يېتىم - يېتىمە باللارنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىنى، باللار ۋەيرانچىلىقلىرىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىنى ۋە ئاقىۋەت ياش - ئۆسمۈرلەر تەقدىرىنىڭ نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە چىقىرىۋاتىدۇ**

مەن 1994 - يىل يازدا ھەمسەپەرلىرىم بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ناھىيىدە تۆت كەنت، ئىككى كىچىك كوچىنى نىشانلىق زىيارەت قىلىپ (جەمئىيەت كۆزىتىپ)، بۇ جايلاردا شەھەر - بازار تۇرمۇشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ يۈز بېرىۋاتقان ئائىلە، مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىلىرىنى، ئانا - باللار ھادىسىلىرىنى ئىگىلەپ كۆردۈم. بۇ تۆت كەنت، ئىككى كىچىك كوچىدىكى 1300دىن جىقراق ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئارىسىدا 1989 - يىلدىن بېرى ئەرلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاجراشقان ئەر - خوتۇنلار شۇ جايلار بويىچە ئاجراشقان ئەر - خوتۇنلارنىڭ %87نى، ئەرلىرى تاشلاپ كەتكەن خوتۇنلار شۇ جايلاردىكى ئەرلىك خوتۇنلارنىڭ %7نى، ئەرلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن «تىرىك يېتىم» قالغان، تاشلىنىپ قالغان، يوقاپ كەتكەن، كىشىلەر بېقىۋېلىپ تۇرغان باللار شۇ جايلاردىكى ئومۇمىي يېتىم باللارنىڭ %45نى، ئەر كىشىلەرنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپ كېسەلمەن بولۇپ كەتكەن خوتۇنلار شۇ جايلاردىكى خوتۇنلارنىڭ %4نى، ئەر ۋە بالا دەردىدە يۇرتتىن سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن جۇۋان، چوكانلار شۇ جايلاردىكى تۇل قالغان، ئېرى تاشلاپ كەتكەن خوتۇنلارنىڭ %2نى تەشكىل قىلغان.

مەن ھەمسەپەرلىرىم بىلەن X ناھىيىسىدە مۇشۇنداق تاشلىنىپ قېلىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلدىم. شۇ ئائىلىنىڭ ئانىسى X خان ئۆز ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇش جەريانىنى

تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن بالىلىرىمنىڭ داەسى X بىلەن 1973 - يىلى توي قىلغان. ئۈچ پەرزەنتلىك بولدۇق. بالىلىرىمىزنىڭ ئالدى 14 ياشقا، ئەڭ كىچىكىمۇ تۆت ياشقا كىرىپ قالدى. چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئېرىم ئەسلىدە كەمبەغەل يىگىت بولغاچ ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە كۈيئوغۇلچىلاپ كىرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بىز ئىككى باللىق بولغاندا، ئاتا - ئانام بىزگە ئۆي ئايرىپ بەرگەن. ھالىمىزدىن ئايىماي خەۋەر ئېلىپ تۇرغانىدى. 1985 - يىلدىن كېيىن ئېرىم تىجارەتكە كىرىشتى. خۇدايىم بېرىپ 1990 - يىلغا كەلگۈچە پۇل - ۋەجە مەھەللىمىزدە تۆتىنىڭ بىرى بوپقالدى - دە، مەندىن، بالىلاردىن چانغىلى تۇردى. شەھەرمۇ شەھەر كېتىپ ئايلاپ - ئايلاپ ئۆيگىمۇ يولىمايدىغان، بىزگە بىر پۇللۇق راسخوتمۇ قويمايدىغان بولۇۋالدى. ناۋادا ئۆيگە كېلىپ قالغۇدەك بولسا: «خېتىڭنى ئال سەت قېرى. . » دەپ دۈشكەلەيدىغان، «بالىلىرىڭنىمۇ ئال، ماڭا يولاتما، يولاتساڭ بوغۇزلىۋېتىمەن. . . » دەيدىغان، بالىلارنى تەلۋىلىك قىلىپ قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. 1991 - يىلى يازدا تاغ ئارقىسىدىن سەتەڭ بىر چوكاننى ئاشنا تۇتۇپ ئەكەپتىكەن. ئۆيدە (بىز بىلەن بىر ئۆيدە) يېتىپ - قوپۇپ يۈردى. مەھەللە، قولۇم - قوشنىلىرىمىزنىڭ ئەيىبلەشلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى. بىزنىڭ كۆز يېشىمىز بىلەنمۇ كارى بولمىدى. ئاخىرى 1991 - يىلى كۈزدە ئۆيىمىزدە بار بىر قىسىم پۇللۇقراق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئاشنىسى بىلەن يەكەندىن يوقالدى. ئاڭلىساق، ئىچكىرىدە ھېلىقى ئاشنىسى - سەتەڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇۋېتىمىش . . . مەن ئاغرىقچان بەش ياشلىق قىزىم X گۈل بىلەن ئۆيدە ئولتۇرىمەن. 14 ياشلىق ئوغلۇم X بىلەن 11 ياشلىق ئىنىسى X ئۆيىمىزنىڭ جان بېقىشى ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىدۇ، قەلەندەر بولۇپ قالدى. . .

بىز 14 ياشلىق قەلەندەر X بىلەنمۇ مۇڭداشتۇق. ئۇ مۇنداق دېدى:

- تەتۈر پېشانىلىكىمىزدىن بىز ئۈچ بىر تۇغقان ئاخىرى ئوقۇيالمىدۇق. قەلەندەر بولۇپ كەتتۇق.

. .

- كۈن بويى قەلەندەرچىلىك قىلامسىلەر؟

- ئۇكام بىلەن ئىككىمىز ئازنە، پەيشەنبە كۈنلىرى يېرىم كۈن تىلەپ، يېرىم كۈن X مازار غوجامغا كىرىپ دۇئا - تالاۋەتتە ئولتۇرىمىز. خۇدايىمدىن ئۆزىمىزگە، ئانىمىزغا رىزقى نېسىۋە، ئاسايىشلىق، چوڭ بولغاندا ئۆزىمىزگە ئامەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز. . .

مىسالىمىزدا تەكىتلەنگەن بۇ ئانا - بالىلارنىڭ بىر ۋاپاسىز «ئەر» - «ئاتا» ئۈستىدە بايان قىلىنىۋاتقان يۈقىرىقى سۆز - شىكايەتلىرى، مېنىڭچە، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بايان قىلىنىۋاتقان سان - ساناقسىز دەردنامىلاردىن بىرىدۇر.

راستتە، ئاتا ۋاپاسىزلىقىغا يولۇققان ۋە يولۇقۇۋاتقان سانسىزلىغان پاناھسىز (ئىستىقبالى تۇيۇق) بالىلار ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى بىر خۇدادىنلا تىلەشكە موھتاج بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە.

مىللىتىمىزنىڭ ئالدىنقى جامائەتى ھېسابلىنىدىغان ئەر خەقلىرىمىز سېپىدە ئەنە شۇنداق ئەرلەر مۇستەبىتلىكى، ئانىلارنى خورلاش ئادىتى، بالىلارنى تاشلىۋېتىش، بۇزۇقچىلىـــقـا بېرىلىـــش. . . قىلمىشلىرى ئەۋجىگە چىققانسېرى جەمئىيەتتە ئانا - بالىلار خورلۇقىنىڭ، ئانا - بالىلار ۋەيرانچىلىقىنىڭ، ئانا - بالىلار بۇزۇقچىلىقىنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ خورلۇق، ئازاب كىشىلەرنى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قىلىۋەتمەمدۇ؟

ئەپسۇس! بىزدە مۇشۇنداق قىلمىشلارنى ئەستايىدىل ئەيىبلەيدىغان، چەكلەيدىغان جامائەت پىكرى ناھايىتى كۈچسىز - قۇدرەتسىز. مۇناسىۋەتلىك جامائەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى خىزمەت قۇدرىتى ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنىڭ، مۇتەئەسسىپ «ئەنئەنە» نىڭ تەسىرىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ، «ئادەت ھەممىگە قادىر» نىڭ قۇۋۋىتىگە تىزپۈكىدۇ.

قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە، ئەۋلاد قارىشىدىمۇ بالىلارنى كۆزدە تۇتمايدىغان نۇقسانلار خېلى بار. بەزى قىز - يىگىتلىرىمىز «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىپ» لا، چىرايلىق گەپ، شېرىن سۆزلەرگە

مەست بولۇپ، كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرمەيلا تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش رازىلىقىنى بېرىشىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش قۇرۇش ئالدىدىكى بىر - بىرىنى ئوبدان سىناش، ئۆزلىرىنى كەلگۈسىدە ئاتا - ئانا بولۇشقا تەييارلاشتەك جەرياندىن ئۆتمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارا - بارا سوۋۇش باشلىنىدۇ. ئۇلار ئاجرىشىمىغان تەقدىردىمۇ ئايال ئۆيدە، ئەر تالادا يۈرىدۇ. ياش ئايال بولسا: «ھېلىقى شېرىن سۆزلەر، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلەر قېنى؟» دېگەن خىياللار بىلەن روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ كۆڭۈلسىزلىك تارىخى باشلىنىدۇ. بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بولغۇسى بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بۇزىدىغان ئاقىۋەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. يەنە ئالايلى، نازۇكلۇق، سىپايىلىك، خۇش مۇئامىلىچىلىك قىزلارغا خاس خۇسۇسىيەت. بىراق تۇرمۇش قۇرغان بەزى قىزلار ئاسانلا ئۆزگىرىدۇ. سەۋەبى، سىرتقى مۇھىتنىڭ، ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ ۋە ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بەزىدە ئەرمۇ ئايالنىڭ خۇلقى - مىجەزىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھاياتقا ئائىلىق قارىشى بىردەك بولمايمۇ قالىدۇ - دە، قىز - يىگىتلەر مۇھەببىتىگە دەز پەيدا بولىدۇ. «ئۈجمە كۆڭۈل قىز - يىگىتلەر»، «قىزىپ - سوۋۇپ تۇرىدىغان»لار، «تاللاپ ئوينايدىغان»لار، «ھىڭگايغانغا دىڭگايغان»لار، «ئاشنىۋاز»لار، «دەردمەن»لەر، «بۇزۇق»لارنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ خىل دەزلەردىن بىخلاپ چىقىدۇ - دە، ئاقىۋەت «ئائىلە بەختى - خاتىرجەملىك» بۇزۇلىدۇ. تۇغۇلۇپ قالغان بالىلارنىڭ «تىرىك يېتىم»لىكى، ۋەيرانچىلىقى، ھالاكىتى كېلىپ چىقىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە ھەقىقىي ئىشقى مۇھەببەت ئۇقۇمىنى جىنسىي «مۇھەببەت»، شەھۋانىي «مۇھەببەت» (جۈپلىشىش) ئۇقۇمىدىن چۈشىنىدىغانلار، قارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. «باشلىغاندا ئوتتەك، ئوتتۇرا يولدا يوقتەك، كونىرىغاندا پوقتەك» ئۆتۈشۈۋاتقان، نىكاھ زىددىسى گەۋدىسىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، جىق ئۆيلىنىشنى «نوچىلىق»، جىق ياتلىق بولۇشنى «ئىرادە» - «رىزقىنى تاپقان»لىق ... قىلىۋالغان نىكاھ بېدىكلىرى ئەنە شۇ شەھۋانىي «مۇھەببەت» نىڭ مەھسۇلى. دېمەك، ئالدىراپ باغلانغان يۈزەكى مۇھەببەت - ھىڭگايغاندا دىڭگايغانلار «مۇھەببىتى»، شەھۋانىيلار «مۇھەببىتى» ياكى جىنسىي «مۇھەببەت»لە ھەقىقىي ئىشقى مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى بېسىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ياشلارنى تۈزىتىپ بولمايدىغان خاتالىقلارغا ئېلىپ كېلىشى تۇرغان گەپ.

مەن ھەمسەپەرلىرىم بىلەن ئەنە شۇنداق جىنسىي «مۇھەببەت» ياكى شەھۋانىي «مۇھەببەت» نىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى باشلىبىردىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر جۈپ يىگىت، چوكاننى ئۇچراتتىم. چوكان X لىق، ھازىر 19 ياش. يىگىت X ناھىيە X بازار X كوچىسىلىق، ھازىر 22 ياش. ھەر ئىككىلىسى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئەمەس. تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇشقان. ئىش - ئوقەتسىز. ئاتا - ئانىلار بېقىمىدا. ئۇلارنىڭ «مۇھەببەت»لىشىش جەريانى مۇنداق: X نىڭ قىزلىق خۇمارى تۇتۇپ، X نىڭ يىگىتلىكى قوزغىلىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار X بازىرىدا تۇنجى ئۇچراشقان. ئۇچرىشىش ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندا كۆزلەر ئۇچرىشىشى باشلانغان. بارا - بارا كۆزلەر ئۇچرىشىشى يۈزلەر ئۇچرىشىشى، ئېغىزلار ئۇچرىشىشى، نامازشام ئۇچرىشىشى، خالىي يەر ئۇچرىشىشلىرىغا ئۆرلىگەن. «ئالىمەن - تېگىمەن» قىزغىنلىقى بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆلسىمۇ يانمايدىغان، ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدىغان «مۇھەببەت ئىرادىسى» بولۇپ قالغان. بۇ ھال ئاتا - ئانىلار ھوزۇرىغا ئاڭلانغان. ھەر خىل «مۇھەببەت» كېپىللىكى ئارقىلىق ئاخىرى 11 كۈن ئىچىدىلا «پىشىپ يېتىلگەن» بۇ «مۇھەببەت» نىڭ تويى ناھايىتى كاتتا ئۆتكەن. تويى چىقىملىرى ئاتا - ئانىلارنى خېلىلا ھالسىراتقان. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەي تۇرۇپلا يىگىت بىلەن چوكاننىڭ «مۇھەببەت» ئوتلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ «سەندىن مەن قالامتىم» نىڭ تەسىرلىرىدە تازا يالقۇنجاشتىن سېلكىپ تۈتۈنلەشكە باشلىغان. «كۈنلەش»، «ئاغزى بېزەپ»لىك، «جابدۇنۇش»، «ئېغىر تەلەپ» ... لىك ئىللەتلىرى ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدا توختىمايدىغان «كېلىشەلمەسلىك» بولغىلى تۇرغان. بارا - بارا بۇ «كېلىشمەسلىك» ھەر خىل جېدەل - ماجىرالار (ياقىدىن ئېلىش، تاياق يېيىش، ئۇرۇش، تاشلىۋېتىش ۋە باشقا سەتلىشىشلەر) نى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنداق قىلىپ، بويىدا قالغىلى ئۈچ ئاي

بولغان X خېنىم توي قىلىپ ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئېرىدىن يامانلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالغان. يىگىت X بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بۇ كېلىننى «ئاغزى يامان»، «قىلىقى سەت»، «ئايىغى سۇيۇق» لىقتا ئەيىبلەپ ئالغىلى بارمىغان. يىگىت X نىڭ كۆزى يەنە باشقا «قىز» لار بىلەن ئۇچراشقىلى تۇرغان - دە، ئاياللىنى تاشلىۋەتكەن. «ئۆيدە تۇرمىدى»، «تالاغا قارايدىكەن» . . . دېگەن «ئەيىب» نى ئارتىپ چوكا چاغلىق نەرسە بەرمەي، تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقنىمۇ كۆتۈرتۈپ خېتىنى بېرىۋەتكەن. بىر يېرىم ئايلىق بوۋاق X نىڭ «تىرىك يېتىم» لىك تەقدىرى تېخى بۆشۈككە بارماي تۇرۇپلا باشلانغان. يىگىتكىمۇ، قىزغىمۇ بۇ بالىنىڭ كېرىكى بولمىغان. ئوغۇل تەرەپ چوڭلار: «پەسىنىڭ بالىسى» دېيىشىپ، قىز تەرەپ چوڭلار بولسا: «ئەسكىنىڭ بالىسى» دېيىشىپ بۇ نەۋرىگە يېقىن كېلىشمىگەن. ئاخىرى بۇ بوۋاق X مازار غوجامغا «خۇدايى ئەۋلاد» قىلىپ تاشلاپ قويۇلغان. بۇ مازاردا بىر ئۆمۈر دۇئاگويلۇق قىلغان 65 ياشلىق X قارىي بۇ بالىنى تېپىۋالغان - دە، «خۇدا بەردى» دەپ ئات قويۇپ بېقىۋالغان. يىگىت X بولسا X لىق يەنە بىر قىز بىلەن «مۇھەببەت» پىشۇرۇپ توي قىلىۋالغان. ئۇنىڭ ئاجراشقان ئايالى ئۆتكەن يىل 10 - ئايدا يىگىت شىماللىق X بىلەن «مۇھەببەت» پىشۇرۇپ توي قىلىپ ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە ئاجرىشىپ بولغان.

كەلگۈسىگە «تىرىك يېتىم» سەغىرەلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشىدىغان، پۇشتىدىن بىزار مۇشۇنداق «مۇھەببەت» چىلەر بىزدە ئازمۇ؟ ھازىر جەمئىيىتىمىزدە كۆپىيىۋاتقان «مەسچىت بالىلىرى»، «مازار بالىلىرى»، «تاشلاندۇق بوۋاق» لار، بوغۇۋېتىلگەن، تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلگەن، سۇغا تاشلىۋېتىلگەن. . . ئۇيغۇر بوۋاقلارنىڭ ئوت - ئۈۋالى كىمگە؟ مىللىتىمىز تەركىبىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇنداق رەسۋا، قەبىھ «مۇھەببەت» چىلەرنى بىزنىڭ ئەيىبلەپ، تەربىيىلەپ تۈزىتىپ كېتىش قۇدرىتىمىز زادى قانچىلىك؟

**بىزدە ئۆزىنىڭ ئۆمۈر تەقدىرىنى، ئەۋلادىنىڭ تەقدىرىنى، جاھاندارچىلىقىنىڭ تەقدىرىنى پەقەت پۇلغىلا باغلاپ قارايدىغان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار پۇل - ۋەج ئۈچۈن ھەممىنى قىلىش، پۇل - ۋەجنى دۇنيادا ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش، پۇلنى ئادەمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق خىسلىتى قىلىشقان.**

دېمەك، پۇل - ۋەج ئۇلارنىڭ ئەخلاق قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، ۋىجدان قارىشى، تۇرمۇش، تەقدىر قارىشىنىڭ يىلتىزى.

بايلىققىلا تەۋىنىش - مېنىڭچە، نۇرغۇن ھاللاردا بايلىققىلا چوقۇنۇشنى، شەخسىيەتچىلىكنى، كەيپ - ساپاچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، كىشىلىك غايە، مىللىي تۇيغۇ، ئەخلاقتا ئېغىر دەرىجىدە قېيىش ۋە غۇلاشنى پەيدا قىلىدۇ. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، بايلىققىلا تەۋىنىدىغان جەمئىيەت كىشىلىرى مەۋجۇت مەنىۋىيەت كۈچلىرىدىن ھەتتاكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ساغلام روھىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. «پۇل تاپالىغان قەھرىمان» دېگۈچىلەرنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر تەرىپى - ئۇلار: ھەممە ئادەمنىڭ پۇل توغرىلىق سۆزلىشىنى، پۇلنى ئويلىشىنى، پۇل تېپىشقا بېرىلىشىنى، شۇنداقلا پۇل ئۈچۈن ساختىلىق قىلىشىنى، بىر - بىرىگە ئورا كولىشىنى، ئالدامچىلىق قىلىشىنى، ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماي خەتەرلىك ھاڭلارغا مېڭىشىنى. . . جەمئىيەت قىسمىتى قىلىشتىن يالتايمايدۇ. پۇلنى ئادەمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى قىلىشىۋالىدۇ. پۇلغا تەۋىنىش غايىسىنى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق دائىرىسىگە سۆرەپ كىرىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەركىبلىرى (ئىدېئولوگىيە، تارىخ، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئەخلاق، سىياسەت، مائارىپ . . . ساھەلىرى) گە سەل قارايدۇ. دېمەك جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى پەقەت «پۇل مۇناسىۋىتى» قىلىشىدىغان ئۇنداق كىشىلەر ۋە ئۇنداق قىلىقلاردىن مىللەتكە، خەلقىگە، ئەۋلادىغا، ۋەتىنىگە ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ۋاپا، ئىستىقبال كېلىدۇ، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر پۇل چەمبىرىكىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولغان روھىي دۇنيايىمىزنى توسۇۋېلىشىغا يول قويىدىغان بولساق، مىللىي تەقدىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتى نېمە بولار؟

پەقەت بايلىقنىلا ئېتىقاد باغلىغان ـ «ئىت بول، ئېشەك بول، پۇل تاپ» قىلاتۇرغان بەزىبىر كىشىلىرىمىزنىڭ پۇلنىلا دەپ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەيىمىزگە، ياش ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى قىسمەتلىرىگە، جەمئىيىتىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا، ھەر بىرىمىزنىڭ ۋىجدان، غورۇرىمىزغا قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىك (ئاڭلىق، ئاڭسىز قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىك ـ ئا) قىلمىشلىرىدىن بىز نەپرەتلەنمەي تۇرالمايمىز.

ئۇلاردا ياش ئەۋلادلارنى مائارىپسىز قالدۇرۇپ «پۇل تېپىش» يولىغا يېتەكلەش خاھىشى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ.

1990 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چىققان «شىنجاڭ گېزىتى»دە 1989 ـ يىللىق ئوقۇش يىلىنىڭ باشلىرىدا قاغىلىق ناھىيىسىدە ئاتا ـ ئانىلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېلىپ تىجارەتكە، ھۈنەرگە، ئەمگەككە ۋە باشقا «پۇل تېپىش»قا سالغان ئۇيغۇر بالىسىنىڭ سانى 869غا يەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. 1994 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىققان «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدە غۇلجا شەھىرىنىڭ باياندايى يېزىسىدىمۇ مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە 70 نەچچە ئۇيغۇر بالا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېلىنىپ تىجارەت، ھۈنەر، ئۆي ئىشى، ئەمگەك، «پۇل تېپىش»قا سېلىنغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ياش ئەۋلادلارنى مائارىپسىز قالدۇرۇپ «ھۈنەر»گە، «تىجارەت»كە، «پۇل تېپىش»قا باشلاۋاتقان كىشىلەردە دەرۋەقە مېنىڭچە ياش ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ساپاسىنى، سۈپىتىنى، مەۋجۇت تۇرۇش ئىقتىدارىنى، ئىستىقبالىنى، ئۆمۈر تەقدىرىنى ئويلاشقۇدەك ئاڭلىق ئىقتىدار يوق. ئوقۇتۇپ، بىلدۈرۈپ ئاڭلىق ھۈنەرۋەن، ئاڭلىق تىجارەتچى، ئاڭلىق پۇل تاپقۇچى... قىلىش پاراستى تېخىمۇ يوق. ئادەملەرنىڭ پۇلسىز، يەر ـ مۈلۈكسىز قېلىشى ئېچىنىشلىق ئەمەس، ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىشى ئېچىنىشلىق، دېگەن ئۇقۇم تېخىمۇ يوق. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ خورلۇقى ـ جاھىللىق ۋە نادانلىقتىن باشلىنىدىغانلىقىنى ھېسمۇ قىلىشالمايدۇ. بىز ئەنە شۇنداق تەركىبىمىزنىڭ ـ ئاڭسىز، پىكىر ـ پاساھىتىنىڭ تايىنى يوق، مەۋقەلىرى تۇراقسىز، مۇلاھىزىلىرى چۇۋالچاق، بىر ـ بىرىگە زىت چۈشەنچىلىك، ۋىجدان ـ غورۇرى يوق، قەدىرى كۆل ـ تۇپراق نادان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى بىلەنمۇ خورسىنىمىز، ئەلۋەتتە.

بىز يېقىندا يېقىن بۇرادىرىمىز X ئۇستامنىڭ بىر ئۆمۈر چوڭ قىلغان توققۇز پەرزەنتىنىڭ ھەممىسىنى مائارىپسىز قالدۇرۇپ «ھۈنەر»، «تىجارەت»، «پۇل تېپىش»قا سالغاندىن بۇياقى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپ، بىلىپ چىقتۇق:

X ئۇستام ئۆز ئۆمرىدە ئىككى قىز، يەتتە ئوغۇل تېپىپ تولۇق قاتارغا قوشقان. بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بۇ يىل 13 ياش. ھەممىسىلا بەرجەس قاتارغا قوشۇلغان بۇ بالىلارنىڭ بىرەرسىمۇ مەكتەپلەردە تۈزۈك ئوقۇتۇلماي بازاردا ئۇدۇللۇق «ھۈنەر»، «تىجارەت»، «پۇل تېپىش»قا سېلىنغان. ھازىر بازاردا بىرسى شوپۇر، بىرسى رېمونتچى، بىرسى تىككۈچى، بىرسى دۇكانچى ... بىرسى ئالاقچى، بىرسى ئائىلىدە كاسسىرلىق قىلىشىدۇ. ئاتا بىلەن ئانا ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى باقىدۇ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيىدۇ، كەم ـ كۈتىلىرىنى تاپىدۇ، قورساقلىرىنى باقىدۇ، ئۆي تۇتىدۇ، تاماق توشۇيدۇ... توختىماي ھەرىكەت قىلىشىدۇ. ئائىلىنىڭ كۈنلۈك تاپاۋەتلىرى بىرەر مىڭ يۈەندىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ. كۆلىمى ئىككى مودىن چوڭراق بىر باغ ھويلا، توختىماي كىراغا مېڭىپ تۇرىدىغان بىر شەخسىي مىنىبۇس، ئۈچ ـ تۆت موتسىكلىت، ئىشلەپ تۇرغان ئىككى رېمونت دۇكان ... بۇلارنىڭ ئىلكىدە. بايلىق دېگەن بار.

لېكىن بۇ ئائىلىنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنى، تارتىۋاتقان ئازابى ـ كۈنى ئەڭ تەس ئۆتۈۋاتقان ئاقساق ـ چولاق دەردمەن تىلەمچىدىن نەچچە باراۋەر ئېغىر: بىرىنچىدىن، ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىلا «نوچى» (قاراقورساق) چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەپتىسىگە دېگۈدەك كوچىدا ئادەم ئۇرۇپ، جېدەل تېرىپ ساقچى ئورۇنلىرىغا تۇتۇلۇپ تۇرىدۇ ـ دە، ئاجرىتىۋېلىش جەرىمانىسى 2 ـ 3 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولمايدۇ.

بۇ «نوچى»لاردىن تاياق يەپ دوختۇرخانىدا ياتقان، يىقىلىپ قالغان بىچارە ئۇيغۇرلارنى داۋالىتىش، بېقىش، تۆلەم بېرىش چىقىمىمۇ ئېيىغا 4 ـ 5 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن چۈشمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ «نوچى»لار قولىدا ھەر ئايدا ماشىنا، موتسىكلىت خەتىرىگە يولۇقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس. ئۇلارنى داۋالاش، بېقىش، رازى قىلىش چىقىمىنى 4 ـ 5 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن مۆلچەرلەش تەس. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئائىلىنىڭ «نوچى»لىرى ھاراق، نەشە، مەيزاب، «خانلەيلۇن» (ئۇلار خروئىن ـ خەنزۇچە «خەيلويىن» دېگەن سۆزنى پەدازلاپ «خانلەيلۇن» دەپ ئاتاشقان تېخى ـ ئا)، تاماكا دېگەنلەرنى چېكىش ـ ئىچىشتە ئۆز يېرىدە دائىما ئالدىنقى ئورۇننى بەرمەيدۇ. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن «نوچى» ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بۇلاڭچىلىق ـ زىيانكەشلىك ماھارەتلىرىمۇ جەمئىيەتنى قاڭقىر قاقشىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. تۆتىنچىدىن، بۇ ئائىلىدىكى «نوچى»لارنىڭ جېدەل ـ ماجرالىرى، رەسۋاچىلىقلىرى، قىلمىشلىرى ئۇلار تۇرغان يەر ـ مەھەللە ـ كوچىلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى شۇ يۇرت بازىرىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئامانلىقى. . . نى بۇزغۇچى ئامىل بولۇپ قالغان. بۇ ئائىلىدىكى ھەر يىلى «يامانلاپ» ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، جاھان كېزىپ قانغۇدەك «ئويناپ» بىر تالاي قەرز كۆتۈرۈپ ياكى بىر تالاي ئىش تېرىپ كۈنى تەسلەشكەندە ئۆيگە كېلىۋالىدىغان، ئىزدەپ تېخى، ئىزدىمەي تېخى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، جېدەلخور، كۆكەملىكنى مىجەز قىلىشىۋالغانلىرىچۇ تېخى.

بۇ «نوچى» باللىرىنىڭ بۇنداق دەرد ـ ئەلەملىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن پۇلخۇمار قېرى ئاتا ئاخىرى ئۆز ئائىلىسىنى تاشلاپ ئون نەچچە قېتىم يىراق ـ يىراق يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىپمۇ باققان. بىر قىزى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئانا بولسا يەتتە ـ سەككىز قېتىم ئۆينى تاشلاپ «يامانلاپ» سەرسانلىقتا قېلىپ، ئاخىرى كېسەل بىلەن نىمجان بولۇپ قالغان. مۇشۇ بىرلا «چوڭ ئۆي»دىن زادىلا چىقىپ كېتەلمىگەن ئوغۇللارنىڭ ئالدى ئۈچ قېتىمدىن، كەينى بىر قېتىمدىن ئۆيلىنىشكەن، بىر قىز بولسا تېخى 20 ياشقا بارماي تۇرۇپلا ئىككى قېتىم، يەنە بىر قىز بولسا 18 ياشتا بىر قېتىم نىكاھ زىندىسى بولۇپ بولغان. بۇ يىگىت ـ چوكانلارنىڭ مەكتەپ يېشىغا يەتكەن باللىرىمۇ تېخى مەكتەپ بوسۇغىسىغا بېرىپ باقمىغان. بارمايدىغاندەك قىلىدۇ. بوۋاي ـ مومايغا «بەخشەندە» قىلىپ تاشلاپ بېرىلگەن. ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مىجەز «خىسلىتى»: بىر ـ بىرىنى كەمسىتىش، بىر ـ بىرىنى تىللاش، بىر ـ بىرىنى كولاش ـ چېقىشتۇرۇش، جېدەل، ھاياسىزلىق يامراپ تۇرغان خىسلەت. بوۋاي ـ موماي كونا زامان ئىدىيىسىدىكى ئادەملەر، باللىرى بولسا ھازىرقى زامان ئىدىيىسىدىكى كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە دەردىسەر تۇيۇلىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ دېگىنى باللارغا، باللارنىڭ دېگىنى ئاتا ـ ئانىغا، بىرىنىڭ دېگىنى يەنە بىرىگە توغرا كەلمەيدۇ، ياقمايدۇ. بۇ ئۆيدىكىلەر ـ خالىغان يەردە، خالىغان ئورۇندا شەرم ـ ھاياسىز پايپاسلاپ يۈرىدىغان، ئەخلاق، ئەدەب، نومۇس. . . دېگەننى بىلمەيدىغان، چېچى گەجگىسىدە، پىتلاپ، سىركىلەپ كەتكەن، يۇيۇنۇپ، تارىنىپ يۈرمەيدىغان. . . لار ئائىلىسى بولۇپ قالغان. شۇڭا بۇ ئائىلىدە چوڭلار كىچىكلەردىن، كىچىكلەر چوڭلاردىن قۇتۇلۇشنى تىلەيدۇ. بىر ـ بىرىگە كۈشەندە. ئائىلىدە ھۆرمەت، مېھرىبانلىق، غۇرۇر، ۋىجدان، دىن، مىللەت، ئەل ـ يۇرت. . . دېگەندەك ئەقەللىي ئىجتىمائىي ئۇقۇم يوق. يېمەك ـ ئىچمەك، ئوينىماق، خالىغانچە ياشىماق، بۇزۇقچىلىق ئائىلە «نوچى»لىرىنىڭ مۇرادى، خالاس.

دېمەك، X ئۇستام توققۇز پەرزەنتنى تېپىپ چوڭ قىلىپ مەكتەپ قارىسى كۆرسەتمەي تەربىيىلەپ، تۈزۈك ئادەم قىلالماي، پۇل ئۈچۈن «ئىت»، «ئېشەك» بولۇشۇپ، ئاقىۋەتتە جەمئىيەتكە، مىللەتكە، جاھانغا بىر توپ لۈكچەك، بۇزۇق، زامانغا جىنايەتچى، ئۆزلىرىگە بىۋاپا، قارانىيەت «نوچى»لارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» مۇپتىلا بولغان.

مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ئادەملەردىن ئاتا ـ ئانىسىغا، ئەل ـ يۇرتىغا ۋاپا كېلەرمۇ؟ مائارىپسىزلىق ئىجتىمائىيلاشقان نادانلىق دېمەكتۇر.

بىزدە مۇشۇنداق X ئۇستاملار ئازلىماۋاتىدۇ. بۇمۇ بىزنىڭ روھىي مەغلۇبىيەتلىرىمىزدىن بىر ھالقا.

بىزدە نەسلى - نەسەب مۇناپىقلىرى باش كۆتۈرگەن. ئۇلار بىر قىسىم ياش ئەۋلادلار ئىچىدە «پۇلى يوقنىڭ جېنى يوق»، «پۇل تاپقان باتۇر»... ئۇقۇمىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا، ھېچنېمىدىن يانماسلىققا، ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە چاقىرىشماقتا، يېتەكلەشمەكتە.

«... ئاقسۇ شەھىرىدە بۇ يىل 3 - ئايدىن 8 - ئايغىچە 61 نەپەر ئۆسمۈرنى بەزى كىشىلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە ‹پۇل بېرىش› ۋەدىسى بىلەن ئالداپ ئەكەتكەن. بۇ ئالداپ كېتىلگەن بالىلار ئىچىدە 14 ياشتىن 17 ياشقىچە بولغانلار 19 جان. 14 ياشتىن تۆۋەنلەر 42 جان. بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ بالىسى 27 جان. جىنايەتچىلەر ئالداپ ئەكەتكەن بالىلارنى ئۇرۇش، قورقۇتۇش، قىيناش، تەھدىت سېلىش، ھەتتا ئىتقا تالىتىش قاتارلىق قەبىھ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئوغرىلىق قىلىشقا، قىمار ئويناشقا مەجبۇرلىغان. ..» («ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1994 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدىن)

1994 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا بورتالا شەھىرىدە بەزى پۇلخۇمار قارانىيەتلەر كىچىك بالىلاردىن 27 كىشىلىك ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق گۇرۇھى ئۇيۇشتۇرۇپ، بورتالا شەھىرى بىلەن ئارشاڭ ناھىيىسىدە 50 مىڭ يۈەنلىك دېلو پەيدا قىلغان. 20 نەچچە ئۇيغۇر قىزنى ئەخمەق قىلغان.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە مۇشۇنداق «بالىلار دېلولىرى»، «بالىلار ۋەقەلىرى»، «بالىلار پاجىئەلىرى» يۈز بەرمەيۋاتقان ھېچقانداق بۇلۇڭ - پۇشقاق قالمىدى - دە.

مائارىپسىز قېلىپ جەمئىيەتتە تەمتىرەشكە دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ياش غۇنچىلار بولۇپمۇ پاناھسىز قېلىۋاتقان سەغىرە بالىلارنى سېتىۋېتىدىغان، ئالداپ ھەر خىل يامان قىلمىشلارغا سالىدىغان، يامان يوللارغا باشلايدىغانلار پەقەت پۇلغىلا ئەقىدە باغلىغان قانداش، دىنداش - ئۆز كىشىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ ياش، كىچىك قىزلارنى بۇزۇقچىلىققا تۇتۇپ بېرىۋاتقان، باشلاۋاتقان، «پاھىشە بازىرى» ئېچىۋاتقان. . رەسۋا ھەمشىرە دەللاللىرىمىزچۇ تېخى؟ جەمئىيەتتە ئاتا - ئانىلىرىنى زار - زار قاقشىتىپ ياكى ئەلەمدە قالدۇرۇپ ئوغرى، يانچۇقچى، بۇلاڭچى، خروئىنچى... جىنايەتچى بولۇپ كېتىۋاتقان ياش غۇنچىلارنىڭ يېتەكچى «ئۇستاز»لىرى يەنىلا پۇلخۇمار ئاغلاقچى (لوبەن) ئۇيغۇرلار ئەمەسمۇ؟ ھەتتا پۇل ئۈچۈن ھېچقانداق قىلمىشتىن يانمايدىغان بەزىبىر ئاغلاقچىلىرىمىز جەمئىيىتىمىزدە ئازغان بالىلاردىن ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، خروئىنچىلىق، جېدەل، تۆھمەت...لەر بويىچە مەخسۇس «قوشۇن»لارنى تەشكىللەپ، ئۆزىمىزدە جۇملىدىن ئۆزىمىزدىن سىرتقى جايلاردا «پۇل تېپىـــش»قا تۇتۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جايلاردىكى بىر قىسىم ئاھالىلەر ئارىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا نومۇس دېغىمۇ چاپلاشتىغۇ؟ بەزى كىشىلەرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خېلى بىر قىسىم يۇرت - شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر سەپەرخانىلارغا نىسبەتەن ئالتە ھەزەر: ياتاققا بىلەت سېتىپ بېرىشتىن، ئۆي ئىجارە بېرىشتىن، دۇكانلارغا كىرسە كۈتۈشتىن، ئاپتوبۇس، پويىزلاردا يولۇقۇشتىن، ئاشخانىلاردا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن، مۇئامىلىدىكى قوپاللىقتىن ھەزەر ئەيلەش ھادىسىلىرى شەكىللەنگەن. بۇ بىزگە ئۆزىمىزدىن كەلگەن ئىززەت، غۇرۇر يوقىتىش شەپىسى ئەمەسمۇ؟ شان - شۆھرىتىمىز ۋە ئەخلاقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىناۋىتىگە، پاك - ساددا غۇرۇرىمىزغا ئەڭ يامان داغلار (بىزنى كەمسىتىدىغان غەيرىيلەر كۆڭلىلىرى)نى قوشۇپ قويۇشۇۋاتقان بۇ خىل «پۇلخۇمار» ئەۋلاد رەقىبلىرىگە نىسبەتەن ھومىيىش، غەزەپ - نەپرەت بىلەن دەككە بېرىش بىزدە ئادەت شەكلىدە شەكىللەندىمۇ؟ ياق، شەكىللەنمىدى، ئاڭلاپ قويۇپ، كۆرۈپ قويۇپ، سۆزلەپ قويۇپلا ھاڭۋېقىپ ئۆتۈۋاتىمىز. شۇڭا، مەھەللە - كويلىرىمىزدىن ئۇنداق يامان ئادەملەر ئۇززۇلمەي چىقىپ، ئۇززۇلمەي ھەرىكەت قىلىپ «پۇل تېپىش»لىرىدىن توختىمايۋاتىدۇ. بىزدىكى بۇنداق قاباھەت مىللىي پاجىئەنى توسقۇدەك، چەكلىگۈدەك كۈچ - مادارىمىز يوقمۇ؟ خەلق كۈچى، زامان كۈچى، مىللىي ئەخلاق، مىللىي ئادەت كۈچى.. دېگەنلەر ھازىرقى «پۇل كۈچى» ئالدىدا بىقۇۋۇللۇق كۆرسىتىۋاتامدۇ نېمە؟

كۈچلۈك ئەيىبلەشكە، چەكلەشكە ئۇچرىمىغان بۇنداق ئىللەت بىزنى نەگىمۇ ئاپىرار، نېمىلەرنىمۇ كۆرسىتەر؟









بۇخەلچەم رەھمەتۇللا (ئوقۇغۇچى) يازغان





ئابدۇرۇسۇل روزى (ئوقۇغۇچى) يازغان



ئىلمەردان ئابدۇللا يازغان



شىرئىلى ئابلا (ئوقۇغۇچى) يازغان



ئۇسمۇرلەر «كىچىك ئامانىسا» ھەيكىلى ئالدىدا دېكلاماتسىيە قىلماقتا

ئۈتكۈر نىجات فوتوسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995- يىل 1 -سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

主　管：新疆维吾尔自治区文化厅
主　办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编　辑：《新疆文化》杂志编辑部
印　刷：新疆《工人时报》印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى 1073/1 ـ NC65
ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58. باھاسى: 1.20 يۈەن

国内统一刊号：CN65－1073／1
本刊代号：58－22.　定　价：1.20

